تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر

**مۇقەددىمە**

ئالدى بىلەن بۇ يازمىلىرىمغا نېمە ئۈچۈن "تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر "دېگەن ماۋزۇنى تاللىغانلىقىم ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

كىچىكىمدىنلا كىتاب ئوقۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم، ھېكايىگە بولغان ھېرىسمەنلىكىم تۆپەيلىدىن 1 ـ سىنىپتىلا خېلى چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا باشلىغانىدىم، ئەلۋەتتە ئۇ يىللاردا ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئەسەرلەر تولىمۇ ئاز ئىدى، "قانائەتلىق بەخت" "قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە" "نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز" "گائو يۇبائو" دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى باشقىلار ئېلىپبەنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان چاغدا مەن ئوقۇپ تۈگەتكەن ئىدىم. مېنىڭ كىتابقا ھېرىسمەنلىكىمنى كۆرۈپ ئاپام ماڭا ئەينى چاغدا تېپىش ئىمكانىيىتى بولغانلىكى كىتابلارنى ئەكېلىپ بەرەتتى ، ئەمما بۇ كىتابلار مېنىڭ ئېھتىياجىمنى زادىلا قاندۇرالمايتتى. ئەنە شۇ كۈنلەردە مەن دادامنىڭ كىتابلىرى ئارىسىدىن ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئېلىپبەسىنى تېپىۋالدىم، بۇ مېنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. مەن ناھايىتى تېزلىكتە كونا يېزىقنى ئۆگەندىم ........

بىر ھەپتىدىن كېيىن كىتاب ئىشكاپىدىكى تاشكەنتتە بېسىلغان ئۇيغۇر كونا يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ ئىسمىنى ئوقۇيالايدىغان بولدۇم.......

كۆڭلۈمدە ئەمدى مېنىڭ كىتاب خۇمارىم بېسىلىدىغان بولدى دەپ ئويلايتتىم. شۇ مەزگىللەردە مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان "ۋاشئوك تروباچىيېف ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى" "كىشىلەر ئىشكىدە ""پولات قانداق تاۋلاندى"....دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى ئوقۇدۇم، ئاپام مەندىن تولىمۇ رازى ئىدى.

Unregistered

ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاتار يازغۇچىسى غادىل كاتويىنىڭ"تاپشۇرۇل ـ
مىغان خەتلەر" ناملىق كىتابىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن
بېرىلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم، ئۇ چاغدا 2 ـ سىنىپتا ئوقۇيدىغان 8 ياشلىق بىر
قىزنىڭ بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنى چۈشىنىشىم ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى،
ئەمما ئەسەردىكى غالىيەنىڭ تەسىرلىك خەتلىرى مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان
ئىدى .......بىلمىدىم، بىر چاغدا ئاپام بېشىمدا غەزەپ بىلەن ماڭا تىكىلىپ
تۇرۇپتۇ......ئۇنىڭ قەھرلىك كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى
كەلگەنلىكىنى بىلىپ كىتابنى ئاستا ئاپامغا سۇندۇم......
ئەنە شۇندىن كېيىن ئاپام كىتاب ئىشكاپىغا قۇلۇپ سالىدىغان بولدى، ماڭا
يېشىمغا لايىق كىتابلارنى ئېلىپ بېرەتتى ۋە دەرھاللا ئىشكاپقا قۇلۇپ
سېلىۋەتەتتى ........ مەن "تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر"نىڭ داۋامىنى ئوقۇشتىن
مەھرۇم قالغان ئىدىم، غالىيەنىڭ ئىسكەندەرگە يازغان خەتلىرىنى ئىچىمدە
تەكرارلايتتىم .......
ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىدىغان يىلىم تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئاپام ماڭا بىر كىتاب
سوۋغا قىلدى. بولاقنى ئېچىپ كۆزلىرىمگە مۆللىدە ياش كەلدى .......
_" ئەمدى بۇ كىتابنى ئوقۇساڭ بولىدۇ، غالىيەدەك قىز بولغىن ......." ئاپام
مېھرى بىلەن مەڭزىمگە سۆيۈپ قويدى.
كېيىن مەن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇم، ئەينى يىللاردا نەشر قىلىنغانلىكى
ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇدۇم دېيسەممۇ بولىدۇ، مېنىڭمۇ ئاشۇ يازغۇچىلاردەك
ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغۇم، كىشىلىك ھايات سىرلىرىنى بايان قىلغۇم
كەلەتتى......ئەمما ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق دېگەندەك مەن يازغۇچى
بولالمىدىم......

UnRegistered

مانا تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، يىراق يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ۋەتەننى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى سېغىنىش ھېسسىياتى مېنى قىيىندى......نۇرغۇن جاپالارنى تارتىشقا، نۇرغۇن ياشلارنى تۆكۈشكە مەجبۇر بولدۇم......ۋەتەندە قالغان دوستلىرىمىز بىزنىڭ بۇ ھېسسىياتىمىزنى چۈشەنمىسە كېرەك.........

مەن ماڭا ئوخشاش سانسىزلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغان كۈنلەردىكى ھېسسىياتىنى بايان قىلىش مەقسىتىدە بۇ يازمىلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

يازمامغا ئۆزۈمگە ئەڭ تەسىر قىلغان كىتابنىڭ نامىنى قويدۇم.

**1 ـ**

**سالام سابا:**

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، سىز قىزىقىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققەتەنمۇ نۇرغۇن ياشلار جۈملىدىن مەن ئۆزۈم ۋەتەندە چېغىمدا بىلىشكە قىزىققان مەسىلىلەر ئىدى. بۈگۈن سىزگە ئۆزۈمنىڭ يات ئەللەردە ئالغان تەسىراتلىرىم ھەققىدىكى تۇنجى پارچە خېتىمنى يوللىماقچىمەن.

سابا، سىز خېتىڭىزدە مېنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىش ئالدىدىكى تەسىراتىمنى سورىغانىكەنسىز، مېنىڭچە بۇ ناھايىتى نازۇك بىر سوئال ئىكەن. چۈنكى، ۋەتەندىن ئايرىلىش ئالدىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ ھېسسىياتى ئوخشىمىسا كېرەك. مەن بۇ سوئالىڭىزغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم .

UnRegistered

مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم ئاجايىپ مۇرەككەپ ھەم زىددىيەتلىك بولغان ئىدى، سەۋەبى مېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇلىرىم رېئاللىققا چىقىش ئالدىدا تاراتتى، ئەمما ئۇرۇق ـ تۇغقان دوست ـ بۇرادەرلىرىم، خىزمەتداشلىرىمدىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىش ئازابى مېنى قىينايتتى.

ۋىزا ئېلىشنىڭ ئالدى    كەيىندىكى ھېسسىياتىم مېنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىمنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى بولسا كېرەك.

كونسۇلخانىغا كىرىدىغان كۈندىكى روھىي ھالىتىم ھېلىمۇ ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى ئەتىگەن مەن جەدۋەل تولدۇرۇش ئۈچۈن كونسۇلخانا ئەتراپىدىكى ئىككى ئېغىزلىق چاققانغىنا ئۆيدە توپ ـ توغرا 3 سائەت ۋاقتىمنى سەرپ قىلدىم، مەن ھەر بىر كاتاكچىگە ئەستايىدىللىق بىلەن سەپسالاتتىم، ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشاتتىم، قولۇمدا لۇغەت، ھەر بىر سۆزنى قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ئاندىن تولدۇراتتىم، مېنىڭ بۇ قەدەر ئىنچىكىلەپ كېتىۋاتقىنىمدىن ئىچى پۇشقان ياڭ خانىم ماڭا قاراپ قوياتتى، لېكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە مېنىڭ جەدۋەل تولدۇرۇشۇمغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ تۇراتتى، شۇنداق قىلىپ سائەت 11 بولغاندا جەدۋەلنى ئاخىرى تولدۇرۇپ بولدۇق. مېنىڭ جەدۋەلنى يەنە بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ چىقىۋاتقىنىمنى كۆرگەن ياڭ خانىم ئەمدى چىدىمىدى بولغاي سۆزلەپلا كەتتى: »ئەمدى ھېچقانداق خاتالىقى قالمىدى، بۇنى كۆرگەن كىشى بۇ جەدۋەلنى بىر ئۇيغۇرنىڭ تولدۇرغىنىغا ئىشەنمەيدۇ، خۇددى ئىنگلىزلار تولدۇرغاندەك شۇنداق راۋان، شۇنداق رەتلىك .« ئۇنىڭ مېنى ماختاۋاتقانلىقى ياكى مېنىڭ بۇ ئىنچىكىلىكىمگە رەنجىۋاتقىنىنى بىلەلمەي قالدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئۇيگۇرنىڭ تولدۇرغىنىغا ئىشەنمەيدۇ    دېگەن سۆزى خېلىلا جۇدۇنۇمنى

Unregistered

ئۆرلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قېلىپ كەيپىياتىمنى بۇزۇۋېلىشنى خالىمىدىم ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ »مېنىڭ ئورنۇمدا باشقىلار بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلار ئىدى، ئەلۋەتتە ئەستايىدىل بولغانلىقىڭ زىيىنى يوق« مېنىڭ رەنجىگەنلىكىمنى سەزدى بولغاي، ئۇ ئوڭايسىزلانغان هالدا »كەچۈرۈڭ، مېنىڭ باشقىچە نىيىتىم يوق ئىدى، ئەستايىدىل بولغىنىڭىز ياخشى بولدى، بۇ ئەلۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇهىم ئىش ..« ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بولۇپ، مېنىڭ قولۇمنى مەهكەم سىقىپ تۇرۇپ : سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، سىز چوقۇم ۋەزىپىنى ئالالايسىز! دېدى ـ دە، ئارقىدىن مېنى مەهكەم قۇچاغلىدى، بۇ خىل سەممىي تىلەك مېنىڭ بايىقى خاپىلىقلىرىمنى قاياققىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى دېگىنىڭىز كەلسۇن مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دە كونسۇلخانىغا كىرەتتىم، ئەمما مېنىڭ هېچنېمە يىگۈم كەلمىدى. بېيجىڭنىڭ 8 ـ ئايدىكى هاۋاسى تولىمۇ دىمىق بولۇپ، شامالدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، يامغۇر يېغىۋاتقانغا قارىماي ئادەمنىڭ دېمى سىقىلغۇدەك ئىسسىق يۈزىڭىزگە ئۇرۇلاتتى، بۇ يۈرىكىمىزنىڭ قۇرغاق شامالliq هاۋاسىغا سېلىشتۇرغاندا گويا بىر غايەت زور هور مونچىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن ياتىقىمغا كىردىم ـ دە هاۋا تەڭشىگۈچنى ئېچىپ قويۇپ، ماتېرىياللىرىمنى رەتلەشكە باشلىدىم، هەر بىر گۇۋاهنامىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقاتتىم، هەر بىر هۆججەتنىڭ بار ـ يوقلۇغىغا قاراپ چىقاتتىم .. گويا چۈشتىن كېيىن مېنىڭ پۈتۈن تەقدىرىم بەلگىلىنىدىغاندەك بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان بولۇپ، هەر بىر ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلاتتىم ..

12:30 ئوتكەندە ئەلچىخانا ئالدىغا كەلدىم. پاھ، بۇ يەر ئاجايىپ

قايناق بازارغا ئايلانغان ئىدى، ئادەملەر تىقما ـ تىقماق بولۇپ كىشلەرنىڭ ۋاڭ چۇڭى قۇلاق مېڭىڭىزنى يەيتتى. مەن ئۆچرەتتە تۇرغاچ ئۇلارغا سەپسالدىم بۇ يەردە ھەقىقەتەن چوڭ سودا بولۇۋاتاتتى، ئەلچىخانا ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىئەر بولسا كېرەك قاتار جوزىلارنى قويۇۋېلىشقان بولۇپ، ئۇلار ئالدىراشلىق بىلەن كىشلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى تولدۇرۇپ بېرىۋاتاتتى، ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن كىشلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇشۇپ قوللىرىدىكى جەدۋەللىرىنى سۇنۇشاتتى، جەدۋەل تولدۇرۇۋاتقانلار كىشلەردىن سوئاللارنى ورايتتى ۋە ئالدىراپ جەدۋەلگە يازاتتى، ھېچكىممۇ جەدۋەلنىڭ قانداق تولدۇرۇلىۋاتقىنىغا دىققەت قىلمىغاندەك قىلىشاتتى، ھەر بىر جەدۋەل ئۈچۈن 20 مىنۇتتىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىنمايتى. خېرىدارلار ھەر بىر جەدۋەل ئۈچۈن 200 يۈەننى رازىمەنلىك بىلەن جەدۋەللىرىنى تولدۇرۇپ بەرگەنلەرگە سۇناتتى. ئەنە شۇ چاغدىلا مەن ياڭ خانىمنىڭ نېمە ئۈچۈن مەن جەدۋەل تولدۇرغىنىمدا ئىچى پۇشۇپ تىت ـ تىت بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن بولدۇم، بېيجىڭلىقلار ھەقىقەتەن پايتەختتە ياشغانلىقىنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتاتتى .

ـ 1:30 دا مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىشتى، بىز 20 دەك ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئەلچىخانا ئالدىدىكى ئىككى تەرىپى ۋادەك بىلەن قورشالغان ئۇزۇن تار يولنى بويلاپ، ئەلچىخانىگە قاراپ ماڭدۇق، كۆڭلۈمدە »مانا ۋاقتى ـ سائىتى كەلدى، يەنە يەرىم سائەت ئىچىدە ھەممە ئىش ئايان بولىدۇ« دەيتتىم، خىيال بىلەن ئەلچىخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدىم. كىردىمۇ كۆز ئالدىمدىكى ئالامانى كۆرۈپ بېشىم ئايلىنىپ كەتتى، ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ زالنىڭ ئىچىدە بىرەر مىڭدەك ئادەم بارمىكىن، شۇنچىلىك تىقما ـ تىقماق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، زال ئىچىدە ئولتۇرماق تۇگۇل، ئازادىرەك تۇرغىدەك جايمۇ

Unregistered

كۆرۈنمەيتتى. مېنىڭ ھەيران قالغان ھالىتىمنى كۆرگەن ئالدىمدىكى يىگىت ماڭا : »بۇگۈن تېخى ئانچە جىق ئەمەس ئىكەن، بۇگۈن چۈشتىن كېيىن زالدا 600 ئادەم بار ئىكەن، 100 دەك ئادەمگە ۋىزا بەرسە كېرەك« ئۇنىڭ بۇ قەدەر تەپسىلىي سۆزلىگىنىنى كۆرۈپ قىزىققان ھالدا سورىدىم : »سىز ئىلگىرىمۇ بۇ يەرگە كەلگەنمىدىڭىز؟« ئۇ ئاچچىق كۈلدى، »شۇنداق، 4 ـ قېتىم كېلىشىم بۇ، بۇ قېتىم يەنە بەرمىسە ئەمدى كەلمەيمەن«. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، » بۇ قېتىم چوقۇم ۋىزا ئالالايسىز !« مېنىڭ تىلىكىم ئۇنى خوش قىلغان چېغى، ماڭا قاراپ »رەھمەت، سىزمۇ ۋىزا ئالالايسىز !« دېدى ـ قولۇمنى مەھكەم سىقىپ قويدى .

ئىككى سائەتتەك ساقلىغاندىن كېيىن ئاندىن بىزنىڭ ئىسمىمىزنى چاقىرىپ بارماق ئۆرنىكىمىزنى ئالدى ـ دە، قولىمىزغا ھەر خىل رەڭلىك كارتىلارنى تارقىتىپ بەردى، مەن قولۇمدىكى كارتقا قارىدىم، قولۇمدىكىسى سۇس يېشىل رەڭلىك كارت ئىدى، ھەر ھالدا مەن يېشىل رەڭنى ياقتۇراتتىم، ئىچىمدە ئىشلىرىمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلىدىم. بۇ چاغدا زالدىكى ئادەملەر خېلى ئازايغان بولۇپ، ئازراق ئولتۇرۇۋالغىدەك جايلار بار ئىدى، نەچچە سائەتلەپ ئۆرە تۇرغانلىقىم ئۈچۈن پۇتلىرىم سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى، ئەنە شۇ چاغدا بۈگۈن نېمىشقا پەس پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالمىغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم، بايىقى يىگىت يېنىمدا پەيدا بولدى »ئاۋۇ جايدا بوش ئورۇن بار ئىكەن ئازراق ئولتۇرۇۋېلىڭ مەن ئۆچرەتتە تۇراي، ئىككىمىزنىڭ كارتىسى ئوخشاش ئىكەن، نۆۋىتىمىز كەلگەندە مەن چاقىرىپ قويىمەن« دېدى ـ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئايىغىمغا قاراپ قويدى، ئىختىيارسىز ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتىم

Unregistered

ۋاقت تولمۇ ئاستا ئۆتەتتى، مەن بۇ زالدىن بارغانچە بىزار بولغىلى تۇردۇم، ئىچىم سقىلىشقا باشلىدى، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن كۇتۇش جىنىمغا تەگمەكتە ئىدى، ھازىر كاللامدا پەقەت تەزراق ئاياغلاشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە قالمىغان ئىدى. »تەزراق تۇگىسۇن، مەيلى ۋىزىنى بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن ماڭا بەرىبىر، بۇ نەس باسقان جايدىن كەتسەملا بولدى، ئىككىنچى بۇ جايغا كېلىشنى نىسىپ قىلمىسۇن« .

مەن بايىقى يىگىتنىڭ 4 ـ قېتىم ۋىزا ئېلىش ئۇچۇن كىرگىنىگە ھەيران قالماقتا ئىدىم، مەن 1 ـ قېتىم كېلىپلا شۇنچە بىزار بولۇشقا باشلىغان ئىدىم. مانا بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزكى 10 ئادەمنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشتى، بۇ چاغدا سائەت 4:30 ئۆتكەن بولۇپ، زالدا 50 چە ئادەم قالغان ئىدى، بىز 3 ـ كۆزنەككە كېلىپ ساقلاپ تۇردۇق ئالدىمىزدا 5 ئادەم بار بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت بىرىلا كۇلۇمسىرىگىنىچە ۋىزا ئالدىغان كۆزنەككە كەتتى، قالغانلىرى ئوخشىمىغان كەيپىياتلاردا تامغا بېسىلغان پاسپورتلىرىنى ئېلىشىپ قايتىشقان ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقى مېنى تېخىمۇ پەرۋاسىز قىلىپ قويۇۋاتاتتى، ئەتىگەندىن بۇيانقى جىددىيلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، شۇ تاپتا ئاجايىپ تەمكىن بولۇپ كەتكەن ئىدىم.

مانا ماڭىمۇ نۆۋەت كەلدى، سېرىق چاچلىق 30 ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق ئايال ماڭا قاراپ ئىللىق كۇلۇمسىرىدى : »خۇش كەپسىز!« مەن جاۋابەن ئانچە ساپ بولمىغا تەلەپپۇزۇم بىلەن »رەھمەت!« دېدىم ـ دە، كۇلۇپ تۇرۇپ پاسسپورت ۋە باشقا ماتېرىياللىرىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم، ئۇ بىرەر قۇر مۇنداقلا قاراپ قويۇپلا كۇلۇمسىرىگەن ھالدا »ناھايىتى رەتلىك ۋە ئەتراپلىق تەييارلاپسىز« دېدى، مەن ئۇنىڭ يەنە قانداق سوئاللارنى سورايدىغانلىقىغا

Unregistered

تەييارلىنىپ تۇردۇم، ئۇ ماڭا قاراپ »ئەگەر جاۋاب بېرىشتە قىينالسىڭىز، خەنزۇچە سۆزلىسىڭىزمۇ بولىدۇ« دېدى مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ »ھەر ھالدا سوئالىڭىزغا جاۋاب بەرەلەيمەن !« دېدىم، لېكىن ئۇ مەندىن باشقا ھېچقانداق سوئال سورىمىدى، كومپيۇتېردىكى ماڭا ئائىت ماتېرىياللارنى بىردەم كۆرۈپ تۇردى ـ دە، ماڭا قولىنى سۇندى » سىزنى تەبرىكلەيمەن« سىزگە بۈگۈنكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ۋىزىنىڭ بىرىنى بېرىش قارارىغا كەلدۇق، ئوقۇشۇڭىز ۋە تەتقىقاتىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن !« ئۇ قولۇمنى مەھكەم قىستى، مەن ئۇنىڭ مەندىن جىقراق سوئال سورىشىنى، تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن مېنى رەت قىلىشىنى، مەن بولسام پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ بۇ زالدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلىغان ئىدىم، ئەمما ئۇ مەندىن مېنى قانائەتلەندۈرگىدەك سوئال سورىمىدى، مېنىڭ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلىغان ماتېرىياللىرىمنى تۈزۈكرەكمۇ كۆرمىدى. مەن ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدەك ھاياجانلىنىپ كەتمىدىم، بەلكىم كۆڭلۈمدە ئاجايىپ بىر ئاچچىق تۇيغۇ پەيدا بولدى

مېنىڭ ۋىزا چاپلانغان پاسپورتۇمنى تۇتقىنىچە ئالدىمدا ھېلىقى خەنزۇ يىگىت تۇراتتى

»سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئىككىلىمىزگە ۋىزا بېرىپتۇ !« ئەمما ئۇمۇ بەك خۇشال كۆرۈنمەيتتى، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى . .

»مۇبارەك بولسۇن !« مەن ئۇنىڭغا كاراپ كۈلۈمسىرىدىم. »ھەممىسى ئاخىرلاشتى، مەن ئۇزاق ساقلىغان ئەمما بۈگۈن ۋىزىنى قولۇمغا ئېلىپ بارغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، ھەدە« ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش دانىچىلىرى پارقىراپ كەتتى، »مەن سىزنى ھەدە دەي بولامدۇ؟ گەرچە ئۇيغۇر بولسىڭىزمۇ ھەدەمنى ئەسلەتتىڭىز، ئۇنى بەك كۆرگۈم كەلگەن ئىدى، مانا ئەمدى كۆرۈشىدىغان

Unregistered

بولدۇم  .« ئۇغۇ تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولغىلى كېتىۋەتىپتۇ، مەنچۇ، ئۆز ئارمانلىرىمغا يېتىمەن دەپ ئائىلەمنى، باللىرىمنى تاشلاپ ئوقۇشقا كېتىدىغان بولدۇم  .ئاخىرنى ئويلىغۇم كەلمدى  يېقىن كىشلىرىمدىن ئايرىلىدىغانلىمدىن ئىبارەت بۇ ھجران ئازابى يۈرىكىمنى ئۆرتەشكە باشلىغان ئىدى  ..

مانا بۇ مېنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىش ئالدىدىكى روھي ھالىتىم، قولۇمغا ۋىزىنى ئالغان كۈنۈمدىن باشلاپلا مەندە ئۆز يېقىنلىرىمدىن ئايرىلىشنىڭ ئازابىنى ھىس قىلىدىغان ئاچچىق سېزىم پەيدا بولغان ئىدى  ماڭىدىغان ۋاقتىم يېقىنلاشقىنىدا بولسا بۇ ھىسلار تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى

سىزنى قانائەتلەندۈرەلىگۈدەك جاۋاب يازالىدىممۇ بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما بۇ خىل ھىسسىيات ماڭا ئوخشاش ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت ئەللەردە مۇساپىرچىلىقتا ياشاۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئوغۇغۇچىلارنىڭ سېزىمى بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

ئامان بولۇڭ ..

ھۆرمەت بىلەن : لالە

2 ـ

سالام سابا :

بۈگۈن سىزگە 2 ـ پارچە خەتنى يېزىۋاتىمەن . بۇ خەتنى يېزىش ماڭا خېلىلا تەس كەلدى، چۈنكى ۋەتەندىن، يېقىن كىشلىرىمدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى شۇ ئازابلىق مىنۇتلارنى ئەسلىگىنىمدە ھېلىمۇ كۆزۈم لىققىدە ياشقا تولىدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەن تولىمۇ سەھەر تۇرۇپ كەتتىم. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم،

UnRegistered

كەپپىياتىم تۆۋەن ئىدى.......ھېچ ئىشقا كۆڭلۈم تارتمايتتى، ئەگەر شۇ مىنۇتلاردا يولدىشىم ئۆتكەن قېتىمقىلارقىدەك "بولدى بارمىغىن ......." چىڭ تۇرۇۋالغان بولسا، بەلكىم بۇ سەپەردىن ۋاز كېچىشىممۇ مۇمكىن ئىدى.....ئۇنىڭدىن، ياشانغان ئانامدىن، تېخى يەسلى يېشىدىكى باللىرىمدىن ئايرىلىپ يات بىر ئەلگە بېرىش ماڭا تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. "تۇۋۋا" دەيتتىم ئۆزۈمگە، شۇنچە ئارزۇ قىلىپ، شۇنچە تەشنا بولۇپ كۈتكەن كۈنلەر يېتىپ كەلگىنىدە بۇ سەپەردىن يالتىيىپ قېلىۋاتاتتىم، شۇ تاپتا بىرسى تەسەللى بەرسىلا ئېنىقلا يىغلاپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى، باللىرىم بىلەن خۇددى ھەر كۈنى دەرسكە ماڭىدىغان چاغدىكىدەك ئاددىيلا خوشلاشتىم، ئاپامغا دەيدىغان گېپىمنى تاپالمىدىم، ئۇنىڭ ئايروپورتقا بېرىشىنى خالىمىدىم، مېنىڭ ماڭغىنىمنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن دېدىم، بىر ئۆمۈر بىزنى بېقىپ مانا ئەمدى بىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىزغا مۇھتاج بولۇپ قالغان ئانىنىڭ كۆزلىرىچە ئۇنى تاشلاپ يىراق ئەلگە كېتىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئايرىلىش ئازابىغا چىدىمايۋاتقان يۈرىكىنى يەنە زىدە قىلغۇم كەلمىدى. يولدىشىم ۋە قېرىنداشلىرىم بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئايروپورتقا يول ئالدۇق، ماشىنا ئىچىدە پەقەت ئاكاملا سۆزلەيتى :"ئاپامدىن، باللىرىڭدىن خاتىرجەم بول، ئوقۇشۇڭنى ياخشى ئوقۇ ......." مەن ئۈندىمەستىن بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردۈم، يولدىشىم ئۈندىمىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېغىر مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ دەرىزە سىرتىغا تىكىلگەن كۆزلىرى ماڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى، مېنىڭ ئوقۇش ئارزۇيۇمنىڭ شۇ قەدەر كۈچلۈكلۈكى ئۇنى تەسرلەندۈرگەن، ئۇنى قايىل قىلغان، مېنى قوللاشقا، ئەڭ

Unregistered

ئېغىر مەجبۇرىيەتنى ئۆزى يالغۇز زىممىسىگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئىرادە، غەيرەت كېرەك. ئۇ مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بەردى. ماڭا بولغان چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچى بىلەن مېنى بۇ سەپەرگە ئۇزىتىۋاتاتتى. كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولۇپ كەتتى، يىغلىغۇم...." بولدى، بۇ ئوقۇشتىن ۋاز كەچتىم" دېگۈم كەلدى.

ئايروپىلان 2 سائەت كېچىكىپ ئۇچىدىغان بولدى. قېرىنداشلىرىم مېنى يولدىشىم بىلەن يالغۇز قالدۇرۇپ خوشلىشىپ كېتىشتى. ئايروپورتنىڭ زالىدا چوڭ ئوغلۇم ئۈچىمىز قالغان ئىدۇق، ئوغلۇم توختىماي سۆزلەيتتى،"ئاپا، بېرىپلا تېلېفون قىلغىن، بىزدىن ئەنسىرىمە، دادام بار ......." ھەر ئىككىمىز ئوغلىمىزنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ جىممىدە ئولتۇراتتۇق. نەچچە ۋاقتتىن بۇيانقى تۈگىمەس پاراڭلىرىمىز يوق، ئارىدا قالغىنى ئېغىر سۈكۈتلا ئىدى. لېكىن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمىز كۆزلىرىمىزدە ئايان ئىدى. شۇنداق، بۇ خىل ئايرىلىش ھەر ئىككىمىزگە

ئېغىر كېلىۋاتاتتى. مەن تۈگىمەس ھىجران ئازابىنى يۇتۇپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇ بولسا ئەڭ ئېغىر يۈكنى يالغۇز زىممىسىگە ئېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ ماڭا "باللاردىن ۋە ئاپاڭدىن خاتىرجەم بول، مەن بار ......" دېمەكتە ئىدى، ئەمما ئاغزىدىن بىر ئېغىز گەپ چىقمايتتى. ئەشۇنداق جىممىدە ئولتۇرۇپ 2 سائەت ۋاقتىمۇ توشۇپ كەتتى.

مانا ئايرىلىش مىنۇتلىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى ! ئۇ سومكامنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ماڭا قاراپ "ئەمدى ماڭايلى" دېدى، شۇ تاپتا مېنىڭ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ راسا يىغلىغۇم، "بارمايمەن ئۇ ئوقۇشقا" دېگۈم كەلدى. بىراق ھېچنېمە دېمىدىم، ئوغلىمىزنى چىڭ قۇچاقلىدىم ـ دە ئۇنىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ

Unregistered

قويدۇم. مانا تاموجنىدىنمۇ ئۆتتۇم، ئىختىيارسىز ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئوغلۇم بىلەن ئۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭا شىلتىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ كۆزىنى قولى بىلەن سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مۇشۇ كۇنلەردە مېنىڭ ئالدىمدا شۇنچە تەمكىن، شۇنچە چىداملىقلىقىنى ئىپادىلىگەن، ھەر كۇنى قىزىق گەپلەرنى قىلىپ مېنى كۇلدۇرۇپ، بەزىدە تېرىكتۇرۇپ، بەزىدە يىغلىتىپ، ئۆتكەن يولدىشىم بۇگۇن ئىختىيارسىز كۆزىنى ياشلىغان ئىدى. مەن ئۆزۈمنى ئەمدى

زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم. پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلىۋەتتىم. يېنىمدا ئايروپىلان ئىشىكىگە كېتىۋاتقانلار ماڭا تەئەججۇپ بىلەن قاراشتى. ئايروپىلان يەردىن كۆتۈرۈلۈپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئېسەدەشتىن توختىمىدىم......

سابا، شۇنداق، ئايرىلىش ھەقىقەتەن ئازابلىق. ئەمما ئۇزۇندىن بۇيان قەلبىمدە يانغان ئوقۇش قا بولغان تەشنالىق مېنى مۇشۇنداق مۇشكۇل سەپەرگە يول ئېلىشقا، ئۆز ئىرادەمدىن ياناماسلىققا دەۋەت قىلدى، ئەلۋەتتە بۇ يول تولىمۇ مۇشكۇل، تولىمۇ جاپالىق. بەلكىم مەن كۆزلىگەن مەقسىتىمگە يېتەلمەسلىكىم، تارتقان جاپالىرىم، تۆلىگەن بەدەللىرىمگە لايىق نەتىجە ئالالماسلىقىم مۇمكىن. ئەمما بۇ دۇنياغا كەلگەن ئىكەنمىز ئۆز ئارزۇ - غايىلىرىمىز يولىدا تىرىشىپ بېقىشىمىز كېرەكتۇر دەپ ئويلايمەن. گەرچە مېنىڭ بىلىم ئالىدىغان ئەڭ گۇزەل، ئەڭ ئۆتكۇر چاغلىرىم ئائىلەم، باللىرىم ئۇچۇن سەرپ بولغان، يەنىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرستى كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇلار ئۇچۇن ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن. چۇنكى مەن يولدىشىمنىڭ سەممى مۇھەببىتىگە، ئۇنىڭ قوللىشىغا، ئىشەنچىگە ئېرىشتىم، مۇھەببىتىمىزنىڭ مېۋىسى بولغان باللىرىمىزغا ئېرىشتىم، مانا ئەمدى كېچىكمىدىن تارتىپ قەلبىمدە يانغان ئوقۇش ئارزۇيۇم ئۇچۇن يات

Unregistered

ئەللەرگە سەپەردىمەن.
مەن پۈتۈن كىشلەرگە شۇنداق دېيەلەيمەنكى "مەن ئەڭ بەختلىك ئايال".
ھۆرمەت بىلەن: لالە

## 3 ـ
## تۈنجى تەسرات

**سالام سابا:**

سىز خېتىڭىزدە مەندىن تۈنجى ئۇچراتقان ئامېرىكىلىق ھەققىدىكى تەسراتىمنى سوراپسىز. شۇنداق يات بىر ئەلگە قەدەم باسقىنىڭىزدا ھەمىشە دېگۈدەك تۈنجى ئۇچراتقان ئادىمىڭىز، تۈنجى كۆرگىنىڭىز سىزدە ئەڭ چوڭقۇر ئۇنتۇلماس تەسراتلارنى قالدۇرىدۇ، ئەلۋەتتە مەندىكى تۈنجى تەسراتمۇ ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، مېنىڭچە ئەسلەپ ئۆتۈشۈمگە ئەرزىيدۇ.
شۇ كۈنى ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا كەلگىچە، كۆز ئالدىمدىن يېقىن كىشلىرىمنىڭ سىماسى كەتمىدى، مۇڭلىنىپلا ئولتۇراتتىم، كەچ سائەت 5 بېيجىڭ ئايرودرومىدا قونۇپ، ئەتىسى سەھەر سائەت **6:00** نىڭ ئايروپىلاندا ئامېرىكىنىڭ نەۋيورك شەھرىگە قاراپ ئۇچتۇق. شۇنداق قىلىپ ۋەتەن چەگرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولدۇم.
ئايروپىلاننىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن كۆڭلۈمدىكى مۇڭ ـ ھەسرەتلەرنىڭ ئورنىنى يېڭىچە دۇنياغا بولغان قىزىقىش ئىگىلەشكە، ئۆزۈم بارىدىغان يەر

ھەققدە ئويلاشقا باشلدىم .....

بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان جۇڭگونىڭ خەلقئارالىق ئايروپىلانى بولۇپ، ئايروپىلاندا چەت ئەللىكلەرگە قارىغاندا جۇڭگولۇقلار جىقراق ئىدى. كىشلەر يەنىلا ماڭا ناھايىتى تونۇش بولغان خەنزۇ تىلىدا پاراڭلىشاتتى، ئەكراندا قويۇلىۋاتقىنىمۇ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە خەنزۇچە ناھشىلار بولۇپ، يېنىمدىكى ياشانغان بوۋاي-موماي بۇ جىڭجۇ تىياتىر ناخشىسىغا بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاستا جۆر بولۇۋاتاتتى، ئەلۋەتتە ھەر كىمنىڭ ئورۇندۇقىدا بىردىن تىڭشىغۇچ ئورنىتىلغان بولۇپ، ئاۋاز ئەسلا سىرتقا ئاڭلانمايتى، ئەمما بۇ بوۋاي تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاۋازى خېلىلا ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى، بىر قاتاردا ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىر چەت ئەللىك كىشى بولۇپ، ئۇ دەسلەپ ماڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، كېيىن بوۋايغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى، بۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ بوۋايغا قاراشقا باشلىدى، لېكىن ھېچكىممۇ بۇ بوۋايغا ئاۋازىنى پەسرەك قىلىش توغرىلىق بىر نەرسە دېمىدى.

مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشقان بولسىمۇ، ئەمما مەنمۇ ھېچنېمە دېمىدىم، بۇ ياشانغان كىشىنى رەنجىتكىم كەلمىدى. بوۋاي ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ خېلىلا يۇقىرى ئاۋازدا ناخشىغا جۆر بولۇۋاتاتتى.......شۇ چاغدا بىر كۈتكۈچى قىز يېنىمىزغا كەلدى ۋە ئەدەپ بىلەن بوۋايغا ئېگىلىپ سالام قىلدى، ھەيران قالغان بوۋاي ئۇنىڭغا تەئەججۈپ بىلەن قاراپ، قۇلىغىدىكى تىڭشىغۇچنى ئاخىر قولىغا ئالدى، كۈتكۈچى ئۇنىڭغا باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن بوۋاي ئوڭايسىزلانغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

UnRegistered

يېنىمدىكى باشقا جوڭگولۇقلار بېشىنى چايقىغىنىچە ئاستا غودۇراشقا باشلىدى، ئۇلار ئۆز سۆزىدە خەنزۇلاردىكى باشقىلارنى ھورمەتلىمەيدىغان بۇ ئىللەت قاچان تۈگەر......دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغان ھېلىقى چەت ئەللىك كىشى ماڭا قاراپ ئاستا »سىز ئەڭلىزچە سۆزلىيەلەمسىز؟« دېدى، مەن سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا »ـ ا ياخشى سوزلىيەلمەيمەن، ئەمما ئاددى سۆزلەرنى چۈشىنىمەن« دەپ جاۋاب بەردىم . ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ »مانا خېلى ياخشى جاۋاب بەردىڭىز« دېدى ـ دە ئاندىن ماڭا سىنچىلاپ بىر قاراۋېتىپ : »سىز چىنەسەغا ئوخشمايدىكەنسىز، سىز نەلىك؟« دېدى. مەن كۈلۈپ »مەن مۇشۇ دۆلەتتىن« دېدىم، ئۇ ئىشەنمىگەن ھالدا »ياق، بۇ يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ماۋۇلاردەك ئاۋازلىق سۆزلەيدۇ، كۆزى مۇنداق« ئۇ قولى بىلەن ئىككى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى تارتىپ يالاڭ قاپاق دېگەننى ماڭا ئۇقتۇردى، مەن ئېھتىيات بىلەن يېنىمدىكىلەرگە قاراپ قويدۇم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان، بەزىلىرى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى....

مەن ئاستا جاۋاپ بەردىم »مەن مۇشۇ دۆلەتتە ياشايمەن، ئەمما مەن چىنەسە ئەمەس، ئۇيغۇر« ئۇ تېخىمۇ ئەجەبلەندى، »بۇ يەردە ھەممىسى چىنەسەغۇ، مەن سىلەردەك ئادەملەرنى كۆرمىگەن« »ياق بۇ دۆلەتتە نۇرغۇن مىللەتلەر ياشايدۇ، چىنەسەدىن باشقا تىبەت، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك.....دېگەندەك 56 مىللەت بار، ئۇيگۇرلار ئاھالىسى 10 مىليونغا يېتىدىغان چوڭ مىللەتلەردىن.....« مەن خەرىتىنى قولۇمغا ئېلىپ شىنجاڭنىڭ ئورنىنى، ئۇ يەردىكى تۈركىي مىللەتلەرنى بۇ كىشىگە تونۇشتۇردۇم، ئاندىن سومكامدىن »ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى« دېگەن كىتابنى ئېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ،

Unregistered

مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەپسۇسلانغان هالدا »شۇنداق چوڭ مىللەتكەنسىلەر، يېزىقىڭلارمۇ بار ئىكەن، ئەمما مەن ۋە نۇرغۇنلىغان ماڭا ئوخشاش كىشىلەر سىلەرنى تېخى بىلمەيدۇ      دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنداق، بىز ئۆزىمىزدىن دائىم پەخىرلىنىپ ئۆزىمىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىمىز هەققىدە هارماي سۆزلەيمىز ئەمما تېخى نۇرغۇن ئەللەردە بىزدەك مىللەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەن، مانا يېنىمدىكى بۇ كىشى موڭغۇلنى، تىبەتنى بىلىدىكەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي قېرىنداشلىرىمىزنى، ئۆزبەكنى، قازاقنى، تاتارنى.....بىلىدىكەن ئەمما جۇڭگودا ياشايدىغان ئۇيغۇرنى بىلمەيدىكەن......شۇ تاپ ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن تېخىمۇ ئەپسۇسلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. »بۇ قېتىم كەلگىنىمدە مەن چوقۇم سىلەر بار زېمىنغا بارىمەن !« ئۇ ئەنسىلىك بىلەن شۇنداق دېدى.

مانا بۇ مەن ئۇچراتقان تۇنجى چەت ئەللىك. ئۇ ئەسلى مېكسىكىلىق بولۇپ هازىر ئامېرىكىنىڭ تەخساس شتاتىدا ياشايدىكەن. ئۇ جۇڭگولۇقلار هەققىدە خېلى جىق نەرسىلەرنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار هەققىدە ئىلگىرى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۇيغۇرنى كۆرۈشىمۇ تۇنجى قېتىم ئىكەن. ئۇ ماڭا مېنى دەسلەپ كۆرگىنىدە ئۆزبەك ياكى تۈرك بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مانا مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ 2 سائەتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدىم، »يەنە 13 سائەت هاۋادا مۇشۇنداق ئۇچىمىز، بىردەم كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىڭ«. ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، دەرىزە تەرەپكە بېشىنى بۇراپ كۆزىنى يۇمدى. ئەمما مېنىڭ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى...... تۇنۇگۇن كېچىچە ئۆيدىكىلەرنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىغان بولسام مانا ئەمدى بۇ كىشىنىڭ گەپلىرى

Unregistered

ماڭا قاتتىق تەسىر قىلماقتا ئىدى«. بىز ئۆزىمىزنى قالتىس چاغلايمىز، ئەمما نۇرغۇن ئەللەردە بىزدەك مىللەتنىڭ بارلىقىنى تېخى كىشىلەر بىلمەيدىكەن«. ئايروپىلاندا قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، خىيال بىلەن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مەن بارىدىغان مەكتەپ ئامېرىكىنىڭ كىچىك بىر شەھىرىدە بولۇپ، ئىندىئانا شتاتىغا جايلاشقان بولمىغىنىدەك ئىكەن دېگەن كىچىككىنە بىر شەھەر ئىدى. كۆڭلۈمدە شۇنداق ئويلايتىم، »بەلكىم مەن بارىدىغان شەھەردە ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغانلار تېخىمۇ ئاز بولۇشى، ھەتتا يوق بولۇشى مۇمكىن، ـ ەلۋەتتە مېنى تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچۇمدىن باشقا«.

سابا مەن ئۇچرىغان تۇنجى چەت ئەللىكنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى

ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز ئىكەن    دېگەندىن ئىبارەت بولدى، ئەنە شۇ سائەتتىن باشلاپ مەندە ئۇيغۇرلارنى چامىمنىڭ يېتىشىچە تېخىمۇ جىق كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش، ئۇلارغا دۇنيادا مۇشۇنداق بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئىستىكى كۈچەيدى.

خەير، بۈگۈنچە خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاياقلاشتۇراي، بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن چاغدا مەن ئۇچرىغان ئىشلار ھەققىدە كېيىنكى خەتلىرىمدە بايان قىلاي.

ھۆرمەت بىلەن: لالە

UnRegistered

## تۇنجى تەسرات داۋامى

شۇنداق سابا، مەن ئايروپىلاندا كۆرگەن تۇنجى ئامېرىكىلىك ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆڭلۈمنى قاتتىق يېرىم قىلغان ئىدى.

مانا ئەمدى، ئۆزۈم ئوقۇيدىغان مەكتەپكە قاراپ كېتىۋاتىمەن. نەۋيوركتا ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بىر كەچە قونۇپ، بۈگۈن بلوئومىڭتونغا يەنە ئايروپىلاندا ئۇچۇشقا مەجبۇر ئىدىم، ئۆمرۈمدە بۇنداق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىشىم تۇنجى قېتىم بولغاچ، تۇرۇپ ھاياجانلىنىسام. تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ شۇنچە ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ كەلگىنىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى! ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بىردەم ساقلىدىم. ئالدىمغا مېنى تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچۇم ئادەم ئەۋەتمەكچى ئىدى، ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان بۇ كىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتاتتىم، ئۇ بالكىم 60 ياشلاردىن ئاشقان، چاچلىرى ئاقارغان، ياكى چۈشۈپ كەتكەن بىر بوۋاي بولسا . ئەنە شۇ خىيال بىلەن تۇرغىنىمدا ئوتتۇرا ياشلاردا بولسا كېرەك، ئېگىز بويلۇق بىر ئامېرىكىلىق كىشى كېلىپ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا "ياخشىمۇسىز؟ ھارمىغايسىز!" دەپ سالام بەردى. مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم، ئۇ تولىمۇ راۋان سۆزلىگەن ئىدى! مەن سەل مەڭدەپ قالدىمدە ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ "رەھمەت! ئانچە ئەمەس....."دەپ جاۋاب بەردىم. "رەسمىڭىزدىكىگە ئوخشايدىكەنسىز، قاراپلا تونۇدۇم...." ئۇ سۆزلىگەچ قولۇمدىكى چامادانىنى ئالدى.

Unregistered

تېخى بايىلا ئۆزۈمگە تونجى ئۇچرىغان ئامېرىكىلىقنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولغان ئىدى، مانا بۇ كىشى تولىمۇ راۋان ئۇيغۇر تىلىدا مەن بىلەن كۆرۈشۈۋاتاتتى، "مەن گ.تھوماس بولىمەن، ئاخىرى كەلدىڭىز، يولىڭىزغا جىق قارىدىم...." مانا ئەمدى تېخىمۇ ھەيران قالدىم! مەنى تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچۇم ئالدىمدا تۇراتتى! مەن ئەمدى ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالمىدىم، ھەيرانلىقىمنى قىلچە يوشۇرماستىن "سىز بەك ياش ئىكەنسىز! ئۇيغۇر تىلىنى بەك ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز!" دېدىم. ئۇ قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ "!" "توغرا مەن سىزنى ھەيران قالدۇ دەپ ئويلىغان، مېنى بەلكىم 70 لەردىكى بوۋاي دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولسىڭىز كېرەك." ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالغان ئىدى.

ئۇنىڭ ماشىنىسى ئايرودرۇم ئىچىدىكى ماشىنا توختاش مەيدانىدا بولۇپ، بىز ئانچە ئۇزۇن ماڭمىدۇق، ئۇ مېنىڭ ئېغىر يۈكلىرىمنى ماشىنىغا سالدى ـ دە، ماڭا "قېنى، مەرھەمەت !" دەپ ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى ."رەھمەت!". ئۇنىڭ ئالدىمغا ئۆزى چىققىنى مېنى بەكلا تەسىرلەندۈردى، مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگىنىمدە ئۇ ئايرودرومغا ئادەم ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. "بىز بىر سائەتتىن جىقراق ماڭىمىز" ئۇ يول بويى ماڭا بۇ شەھەرنى تونۇشتۇرۇپ ماڭاتتى "ئايالىم ئىككىمىز يولىڭىزغا جىق قارىدۇق، سىزگە بىر ئېغىز ئۆيىمىزنى تەييارلاپ قويدۇق، بۈگۈن بىزنىڭكىدە ئارام ئېلىپ ئەتە تۇرالغۇغا بېرىڭ، بىز ئاپىرىپ قويىمىز..." ئۇ تولىمۇ قىزغىن ئىدى.

UnRegistered

بىز ئۆيگە كىرگەندە گ خانىم تېخى مەكتەپتىن كەلمىگەن بولۇپ، مەن ئۆزۈم ئالغاچ كەلگەن كىتابلارنى ئوقۇتقۇچۇمغا بەردىم،"بەك ياخشى بولدى!" ئۇ كىتابلارنى كۆرۈپ بەك خوش بولۇپ كەتتى. ئىشىك تىرىققىدە قىلدىدە، ئارقىدىن بىر ئايال كىشىنىڭ ئىنگلىزچە "مەن كەلدىم، كەپ بولدىڭلارمۇ؟" دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئورۇق ئېگىز بويلۇق، تولمۇ چىرايلىق بىر ئايال خۇش تەبەسسۇم بىلەن راۋان خەنزۇ تىلىدا ماڭا قاراپ: "يولدا چارچىغانسىز، يول بەك يىراق" دەپ تەچلىق سورىدى." سارا خەنزۇ تىلى مۇتەخەسسىسى، ئۇ ئېتنوگرافىيەنى تەتقىق قىلىدۇ!" گ ئەپەندى ئايالىنى تونۇشتۇردى، ئارقىدىن ماڭا قاراپ قىزىقچىلىق قىلىپ "قاراڭ بىز ئۆيدە خەنزۇچە پاراڭلىشىمىز، شۇڭا ھازىر ئىنگلىز تىلىنى ئۇنتۇپ قالايلا دېدىم..." مەن بۇ ئىككەيلەنگە بارغانچە قايىل بولۇۋاتاتتىم، "قالتىس ئىكەنسىلەر، بىرىڭلار ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى، بىرىڭلار خەنزۇ تىلى مۇتەخەسسىسى..."مېنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىم بارغانچە ئېشىشقا باشلىدى. سارا كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى، "بۇ يەردە مۇتەخەسسلەر بەك جىق، كېيىن بىلىپ قالىسىز، ئاز دېگەندە 3 ـ 4 تىلنى بىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار خېلى بار . مەن كۈلۈپ قويدۇم. ئەمما كاللامدا بولسا ۋەتەندىكى خىزمەتداشلىرىمنىڭ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەي، قىينىلىپ يۈرىدىغان ھالىتى، ئۆزۈمنىڭ بولسا خەنزۇ تىلىغا پىششىقلىغىمدىن پەخىرلىنىپ، ئۆزۈمنى قالتىس چاغلايدىغان ھالىتىم كۆز ئالدىمغا كەلدى ـ دە قىزىرىپ كەتتىم... شۇنداق، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ھەقىقەتەن جىق ئىدى.

سابا، بىز ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنمىز، بىزنىڭ

Unregistered

نەزەرىمىزدە بىز ئاجايىپ قالتىس! باشقىلارنى ئانچە كۆزگە ئىلغۇمىز كەلمەيدۇ، باشقىلاردىن سوراش ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا ئۆگىتىشكە ئامراق.

قائىدە-يوسۇنلىرىمىز، مېھماندارچىلىقىمىز، توي-تۆكۈنلىرىمىز يەنە ئاللىقانداق پائالىيەتلىرىمىز شۇنچىلىك جىق ئىكەنكى ئايىغى چىقمايدۇ، ھەر قېتىم قاخشاپ تۇرىمىز-يۇ، ئەمما شۇ سورۇنغا، ئولتۇرۇشقا بارىمىز...بۇ ھەقتە كۆپ كىشلەر ئۆزىنىڭ بىزارلىقىنى ئىپادىلەشتى، نارازىمۇ بولۇشتى...ئەمما بۇ پائالىيەتلىرىمىز ئەۋجىگە چىقسا چىقىۋاتىدۇكى ھەرگىز توختاپ قالغىنى، ھەتتا ئازراقمۇ ئازايغىنى يوق... ئەقەللىسى بەزىدە ئالدىراشچىلىقتا باللىرىمىزغىمۇ ھەمراھ بولالمايمىز...(بۇ يېڭى گەپ ئەمەس! كۆپ دېيىلگەن)

مانا مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن ۋاقىتلىرىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمنى تېخىمۇ ھېس قىلىشقا باشلىدىم.....

خەير، بۈگۈنچە مۇشۇنچىلىك سۆزلەي. ئامان بولۇڭ.

ھۆرمەت بىلەن: لالە

UnRegistered

5-

**تۇنجى سائەتلىك دەرس**

سالام سابا، مېنىڭ جاۋابلىرىمنى كۈتۈۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن، ئەمما يېقىندىن بۇيان دەرسلەر بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە خېتىڭىزگە ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرالمىدىم، بۇنىدىن كېيىن ئامال بار چاققانراق جاۋاب يېزىشقا تىرىشىمەن.

سابا، مەن مەكتەپكە كېلىپ ئەتىسى (دۈشەنبە) ئەتىگەندە ئوقۇتقۇچۇم بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىغا بېرىپ، مەكتەپكە كىرىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىدىم، گ ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە تېگىشلىك ئانكېتلارنى تولدۇردۇم، گ ئەپەندى يېنىمدا كۆرسەتمە بېرىپ تۇردى، ئۇنىڭ ياردىمىدە بۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشىم مېنىڭ ئويلىغىنىمدىن خېلىلا تېز تۈگىدى.

چۈشتىن كېيىن گ ئەپەندىمنىڭ دەرسى بار ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغىم بار-يوقلۇقىنى سورىدى، مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم، \"سىز ئوقۇتقۇچۇم تۇرسىڭىز، ئەلۋەتتە دەرسىڭىزنى ئاڭلىشىم كېرەكتە!\" ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، \"رەھمەت، ئەگەر خالىسىڭىز مەن بىلەن بېرىپ دەرسىمنى ئاڭلىسىڭىز بولىدۇ، بۇ يەردە سىز ئەركىن، چۈنكى سىز \"ۋىسىتىنىڭ سچولار\". سىلەر بىرقەدەر ئەركىن بولىسىلەر، مەكتىپىمىزدە ئەركىن ھالدا ئۆز كەسپىڭىز ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ...\" ئۇ ماڭا مېنىڭ بۇ يەردىكى ھوقۇقۇم ۋە مەجبۇرىيەتلىرىمنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى...
ئۇنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە مەن مەكتەپ تۈزۈمىگە

UnRegistered

ئائىت نۇرغۇن نەرسىلەردىن خەۋەردار بولدۇم، ھەقىقەتەن بۇ يەردىكى مەكتەپلەرنىڭ دۆلىتىمىز مەكتەپلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار ئىكەن، بۇ ھەقتە مەن كېيىنكى خەتلىرىمدە ئايرىم توختالماقچىمەن.

شۇنداق قىلىپ چۈشتىن كېيىن سائەت 2:30 دا گ ئەپەندىم بىلەن دەرسخانىغا كىرىپ كەلدىم. سىنىپ ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، ئوننەچچە ئوقۇغۇچى سىنىپنى ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارغا سەپسالدىم، ئۇلار ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان ئىرقتىكى ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ھەممىسىلا ناھايىتى ياش ئىدى، گ ئەپەندى ئۇلارغا مېنى تونۇشتۇردى \"بۇ ياق بۈگۈن كەلدى، فاكۇلتېتىمىز تەكلىپ قىلغان \"ۋىزىتلىك سىچولا \"، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ\" ئارقىدىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى \"لالە خانىم، سىز ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى خالامسىز؟\" مەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم\"ئەلۋەتتە خالايمەن!\". شۇ ھامان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى قىزىقىش بىلەن ماڭا قارىشىپ كەتتى. ۋەتەندە مەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرگەن، ھېچقاچان تەمتىرىمىگەن. ھەر سائەتلىك دەرسىمنى تولىمۇ تەمكىن ئۆتۈپ چىقاتتىم، ھەتتا تۇيۇقسىز دەرس ئاڭلىغىلى كىرگەن فاكۇلتېت مۇدىرلىرىگە ئۇچراپ قالغىنىمدىمۇ ئاسانلىقچە ھودۇقۇپ قالمايتتىم، ئەمما بۈگۈن نېمىشقىدۇر ماگىستېرلىقتا ئوقۇۋاتقان بۇ ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈپ خېلىلا تەمتىرىدىم...

گ ئەپەندىم بۈگۈنكى تېمىنى دوسكىغا يازدى ـ دە، ئاندىن ئوقۇغۇچىلاردىن مۇشۇ تېما ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىشنى تەلەپ قىلدى، دۇنيانىڭ

UnRegistered

ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلىنى شۇنچىلىك راۋان سۆزلەيتتى، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋەتەندە ئۆگەنگەن ئازغىنە ئىنگلىزچە سەۋىيەم بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇزدىكى ئىنگلىزچە بايانلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىنىلا چۈشىنەلىدىم، مەركىزيي ئاسىيا، ئۇيغۇرلار تارىخى، دېگەندەك ئۆزۈمگە تونۇشلۇق سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمدا بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئىتتىك سۆزلىگەن سۆزلىرى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن قانداق باغلىنىشى بارلىقىنى ئويلايتتىم... ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا توردىن چۈشۈرۈۋالغان ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى ۋە ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر ھەققىدىكى سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى، ھەممەيلەن دېگۈدەك مۇنازىرىگە قاتنىشىۋاتقان بولۇپ، ھەر كىم ناھايىتى ئەركىن ھالدا ئۆز پىكرىنى بايان قىلاتتى... گ ئەپەندىم بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايانلىرىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى ۋە ئارىلاپ سوئاللارنى قىستۇرۇپ قوياتتى، بەزىدە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى... گەرچە ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى تازا ياخشى چۈشىنەلمىگەن بولساممۇ، ئەمما ئوقۇغۇچىلاردىكى بۇ قەدەر ئەستايىدىللىق ۋە قىزغىنلىق ماڭا خېلىلا تەسىر قىلدى، ئۇلار مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئوخشىمىغان بايانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى، قىزغىنلىق بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلاتتى، ھەممەيلەن دېگۈدەك دەرس مەزمۇنى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئەپسۇس، مېنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيەم ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىزغىن مۇنازىرىسىگە قاتنىششىمغا ئېغىر توسالغۇ بولۇۋاتاتتى، كاللامدا \"مەن تىرىششىم كېرەك، ئۇلارغا ئوخشاش ئۆز مەقسىدىمنى ئەركىن ئىپادىلىيەلەيدىغان سەۋىيەگە يېتىشىم كېرەك\" دېگەن پىكىر ھۆكۈم سۈرەتتى...

Unregistered

سابا، مانا بۇ قاتناشقان تۇنجى سائەتلىك دەرس، بۇ بايانلىرىمنى ئوقۇغىنىڭىزدا قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىزكىن بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما ماڭا تەسىر قىلغىنى ئوقۇتقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ماھىرلىق بىلەن يېتەكلەش، ئوقۇغۇچىلاردىكى ئەستايىدىل ئۆيلىنىش، ئەركىن پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت ئوقۇتۇش مېتودى بولدى. ئۆزۈمگە كەلسەم، ئۆزۈمنىڭ ئىنگلىز تىلى ئاڭلاش ئىقتىدارىمنىڭ تېخى ناھايىتى ناچارلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم، گەرچە يازما ماتېرىياللارنى لۇغەتنىڭ ياردىمىدە ئوقۇپ چۈشۈنەلەيدىغان بولسامۇ، ئەمما ئاڭلاپ چۈشىنىش ئىقتىدارىم ھەقىقەتەن بەكلا ناچار ئىدى، مانا بۇ بىزنىڭ ۋەتەندىكى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشىدىكى بىر ئاجىز نۇقتا بولسا كېرەك، بۇ خىل پەقەت ئوقۇپ چۈشىنىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىغا سەل قارىلىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ زىيىنىنى مەن تۇنجى سائەتلىك دەرسنى ئاڭلاش جەريانىدا تېخىمۇ ھېس قىلماقتا ئىدىم.

خەير، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك يازاي، باشقىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي يولۇققان ئوقۇشماسلىقلار ھەققىدە كېلەركى خېتىمدە يازىمەن، بۇ ئوقۇشماسلىقلار ئەڭ ئاۋال مېنىڭ ياتاقدىشىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمدە ئىپادىلەندى، ئىشىنىمەنكى سىز چوقۇم بۇلارغا قىزىقىسىز.

خوش، ئامان بولۇڭ. لالە

6 ـ

## تۇنجى ياتاقدىشىم

سالام سابا!

مېنى ئالدىرىتىپ يازغان ئۈچ پارچە خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، شۇ تاپتا جاۋاب خەتنى كېچىكتۈرگەنلىكىمدىن خىجىلمەن، كەچۈرۈڭ مۇشۇ ھەپتە ئانگەنا كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، ئۈچ كۈن دەرستىن قالدىم، يات ئەلدە ئاغرىپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن! بەكلا غېرىپسىندىم...

ئۆتكەندە سىزگە بۇ قېتىمقى خېتىمدە تۇنجى قوشنام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان بەزى ئۇقۇشماسلىقلار ھەققىدە يازماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدىم، بۇ قېتىم ئاغرىپ قالغىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەر ئېسىمگە كېلىپ قالدى، چۈنكى شۇ چاغدىمۇ ئانگىنە قوزغىلىپ ئاغرىپ قالغان ئىدىم، ئۇنىڭ شۇ قېتىم مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالغىنى، ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە...

مەكتەپكە كېلىپ 3 ـ كۈنى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ياردىمىدە مەن ئالدىن ئالاقىلىشىپ قويغان كېلىشىم بويىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ باردىم (چۈنكى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇ نەۋيوركقا كەتكەن بولۇپ، دۈيشەنبە كۈنى كەچ قايتىپ كەلگەن ئىدى). بىز ئوقۇغۇچىلار ئۆلتۈراق بىناسىنىڭ 5 ـ قەۋىتىگە چىقىپ ئىشىكنى قاقتۇق، ئىشىكنى ناھايىتى ياش، بوغداي ئۆڭلۈك چىرايلىق بىر قىز ئاچتى، ئۇ بىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن "خەيرىلىك كەچ!" دەپ سالام قىلدى، ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى تەسىرى ئاجايىپ ياخشى بولدى، مېنىڭ

Unregistered

كۆزۈمگە ئۇ تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈندى، بىزمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن سالام قىلدۇق...ئۇ مېنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولغان بولسا كېرەك، قىزغىنلىق بىلەن قۇچاغلاپ قويدى ۋە ئارقىدىنلا "سىزنى كۆرگىنىمدىن بەك خۇشالمەن، مانا ئۆيىڭىزنى تەييارلاپ قويدۇم" دېدى ـ دە، بىزنى باشلاپ ئۆي ئىچىنى كۆرسەتتى، ئۆي بىر مېھمانخانا، ئىككى ھوجرا ئۆيدىن تەركىب تاپقان بولۇپ خېلىلا ئازادە ئىدى، راستىنى دېسەم مەن ئۆيدىن كۆرە بۇ يېقىملىق قىزنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالدىم، ئۆي ئىجارىسى ئايلىقى 350 دوللار بولۇپ باشقا ئۆيلەرگە سېلىشتۇرغاندا 100 دوللار قىممەت ئىدى، بىراق مەكتەپ ئىچىدە بولغاچ دەرسكە ۋە كۇتۇپخانىغا بەكلا قولايلىق ئىدى، ئەلۋەتتە ئۆز خىراجىتى بىلەن كەلگەن ماڭا ئوخشاش كىشىلەرگە بۇ ئاسان چۈشمەيتتى. مەن ئىككى ئايلىق ئىجارىنى ئالدىن بېرىۋەتتىم، ئۇ دەسلەپ سەل ھەيران قالدى ـ يۇ، لېكىن كېيىن، ناھايىتى خۇش بولۇپ پۇلنى ئالدى. كۆڭلۈمدە ئەمدى تۇرمۇشۇمدىن خاتىرجەم بولدۇم، ئىككى ئايغىچە بىرەر ئىش تاپسام، ئىجارىنى بىر تەرەپ قىلالايمەنغۇ، دەپ ئويلىدىم، ئەمما كېيىنكى ئىشلار مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمنىڭ ئەكسىچە بولدى، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتۇم.

بۇ بىر كىچىككىنە شەھەر بولۇپ، ئاھالىسى 20000 چە بار ئىكەن، ئەمما مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شەھەر ئاھالىسىدىن ئىككى ھەسسە جىق دېيىشكە بولاتتى، شۇڭا مۇشۇ مەكتەپ ئاساسىدا قۇرۇلغان شەھەر دېيىشكىمۇ بولاتتى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ خىزمەت مەنبەسى ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا خىزمەت تېپىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى، مەن مەكتەپنى تاللىغان چېغىمدا كەسىپنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ، تۇرمۇش ئىشىغا سەل

Unregistered

قارىغىنىم ئۇچۇن تۇنجى قېتىم ئۈگۈنۇدۇم، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان مەندەك بىرى ئۇچۇن بىر يىل ۋاقىت ئاز ۋاقىت ئەمەس ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئۇمىدۋار بولدۇم، ئىشلىگىدەك ئىش تېپىلىشىغا ئىشەنچىم بار ئىدى. ياتاقدىشىمنىڭ ئىسمى بائىمە بولۇپ، مالايشىيالىق مۇسۇلمان قىز ئىدى، ئۆزىنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن چېغىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئامېرىكا پاسپورتى بار ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالايدىكەن، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تەلىيى بار ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن "ئوقۇشۇڭىز تۈگىسە ماگىستېرلىقنى ئوقۇيدىكەنسىز ـــ "دەپ سورىدىم، ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا ماڭا تىكىلىپ قاراپ كەتتى ـــ "نېمىشقە ئوقۇغۇدەكمەن، بۇ يىل ئوقۇشۇم تۈگىسە ئەركىن بولۇشنى ئىستەۋاتىمەن!" دېدى، مەن ئۆز قارىشىم بويىچە ئۇنىڭدىن بۇنداق سوئالنى سورىغىنىمدىن پۇشايمان قىلدىم، ئەلۋەتتە ئوقۇش ئۇنىڭ ئەركىنلىكى، مېنىڭ ئۇنىڭدىن بۇنداق سوئال سورىشىم ئارتۇقچە ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۇنىڭ ئوقۇشنى ئەسلا خالىمايدىغانلىقىنى بارغانچە تونۇپ يەتتىم، ئىككىمىز ئىككى خىل تېپتىكى ئادەملەردىن ئىدۇق. ئۇ مېنىڭ كىتابلىرىمغا ھەر بىر قارىغىنىدا بېشى قېتىپ كېتەتتى، "نىمانچە جىق كىتاب بۇ، جاپا تارتىپ ئەكەلگىچە نۇرغۇن پۇل تۆلىگەنسىز؟" "شۇنداق، ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىپ 70$ تۆلىدىم"$ "قاراڭ، مېنىڭ بىرمۇ كىتابىم يوق، كۇتۇپخانىدا ھەممە كىتاب بار". ئۇنىڭ راستىنلا بىرمۇ كىتابى يوق ئىدى، ھەتتا كونسپېكىمۇ يوق ئىدى، مەن ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم. "قاراڭ بۇ رەسىملەرگە،" ئۇ رامكىغا ئېلىپ تامغا ئېسىپ قويغان گېزىتتىن قىيۋەلىنغان رەسىملەرنى ۋە ئېلان رەسىملىرىنى ماڭا كۆرسەتتى، "بۇلار مېنىڭ ئاسىيا چولپىنى

بولغان چاغدىكى رەسىملىرىم، بۇ مېنىڭ يانفون ئېلانىدىكى رەسىمىم"" "پاھ! چولپان ئىكەنسىز!" مەن ئۇنى ماختاپ قويدۇم، ئەمما چولپان بىلەن بىللە تۇرغىنىم ئۈچۈن ئانچە خۇش بولمىدىم، مەن ئەسلى كىتابخۇمار بىر قىز بىلەن بىللە تۇرارمەن، شۇ جەرياندا ئىنگلىزچە ئېغىز تىلىمنى پۇختىلاپ بارارمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم، لېكىن بۇ ئىشنى كۆرۈڭ، سەل بېشىم قاتقان بولسىمۇ، لېكىن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئويلىدىم.

كېلىپ 3 ـ كۈنى، ئاشخانىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا قارىسام ئەخلەت توشۇپ كېتىپتىكەن، ئەخلەتنى ئاچقىپ ئەخلەت تۆكىدىغان جايغا تاشلىۋەتتىم ـ!" كورۇپكىدىن يېڭى ئەخلەت خالتىسنى ئېلىپ ساندۇقىا سېلىپ قويدۇم، ئاشخانا ۋە مېھمانخانىنى پاكىز تازىلاپ چىقتىم، چۈنكى ئۆيدىكى ئادىتىم بويىچە ئۆي پاكىز بولمىسا ئىچىم پۇشۇپ قالاتتى، كۆڭلۈمدە بۇ قىز كەلسە چوقۇم خۇش بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. نەدىكىنى، بىرىم كېچە سائەت 12 لەر بولسا كەرەك، ئۇ ئىشىكىمنى گۈمبۈرلىتىپ قاققىلى تۇردى، مەن چۆچۈپ ئويغاندىم، چۈنكى ئەتىگەن مەن دەرسكە كەتكەندە ئۇ ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، چۈشتىن كېيىن كەلسەم چىقىپ كەتىپتىكەن، كەلگەندىن بۇيان ئۇنى كۈندۈزى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان، كېچىسى ئۇ كەلگەندە مەن ئۇخلاپ قالاتتىم، مەن بىرەر ئىش يۈز بەرگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ـ دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم،"ئەخلەتنى تاشلىۋەتتىڭىزمۇ؟" "شۇنداق" مەن ئەجەبلەنگەن ھالدا جاۋاب بەردىم، "نەگە تاشلىدىڭىز؟" "ئەخلەتخانىغا" "ئەخلەتخانىنى قانداق تاپتىڭىز؟" "ئىزدەپ تاپتىم" "بىرسى دەپ بەردىمۇ، ياكى. . ."ئۇ خۇددى سوراقچىلاردەك توختىماي سورايتتى. . .مېنىڭمۇ سەل جۇدۇنۇم تۇتتى. "مۇھىم نەرسىڭىز بارمىدى، ئەخلەت ئارىسىدا؟" مەن چالا تىلىم بىلەن سورىدىم"

"سۈت بوتۇلكىلىرى ۋە مۇۋە سۈيى بوتۇلكىلىرىنىمۇ تاشلىۋېتىپسىزغۇ؟"
"شۇنداق، تاشلىۋەتتىم، لازىممىدى؟" "ئەلۋەتتە، مەن ئۇنى ساتاتتىم
ئەمەسمۇ!" ئۇھ، ئۇ ئەشۇ ئىش ئۈچۈن مېنى يېرىم كېچىدە ئويغاتقان ئىكەن ـ . . .
تۇنجى قېتىم ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندىم، ئەلۋەتتە ئىقتىسادچىللىق ياخشى ئىش،
لېكىن ئۇنىڭ مېنى يېرىم كەچىدە چاقىرىپ بۇ سۆزلەرنى قىلىشى غورۇرۇمغا
قاتتىق تەگدى. "كەچۈرىسىز، مەن ئۇخلىشىم كېرەك!" مەن ئىشىكنى
يېپىۋەتتىم. ئۇنى كېتەر دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما ئۇ يەنە ئىشىكنى قاقتى،
"بۇندىن كېيىن مېنىڭ نەرسىلىرىمنى تاشلىماڭ!" "بولىدۇ" مەن ئۆي ئىچىدىلا
جاۋاب بەردىم، ئەمما ئۇ كېچىسى ئۇيقۇم قاچتى، ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن بۇ
قىزنىڭ ماڭا بولغان بۇ قەدەر ناچار پوزىتسىيەسى، مېنى قاتتىق رەنجىتكەن
ئىدى، ۋەتەندە مەن 10 يىللىق ئوقۇتقۇچى ئىدىم، ئوقۇغۇچىلىرىمىز ھەر ھالدا
ھۆرمىتىمىزنى قىلاتتى، ئۆيدىمۇ ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلىشاتتۇق، مانا
ئەمدى ۋەتەندىن ئايرىلىپ مۇساپىرچىلىقتا بۇ قىزنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى كۆرۈڭ.
ئەتىسى ئەتىگەن تۇردۇم ـ دە، ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككىلىك خەت
يېزىپ قويدۇم، "ئاخشامقى ئىش ئۈچۈن قاتتىق رەنجىدىم، مەن ئۇنداق
مۇئامىلىگە كۆنمىگەن!" ئەلۋەتتە لۇغەتتىن ئەڭ مۇۋاپىق سۆزنى تاللاپ بۇ
جۈملىنى يازدىم، "بۇندىن كېيىن گېپىڭىز بولسا بۇ دەپتەرگە يېزىپ قويۇڭ!"
خەتنى يېزىپ بولدۇم ـ دە، دەرسكە كەتتىم. !" ستىن كەلسەم ئۇ ئاخشامقى
ئىشى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ خەت يېزىپتۇ. شۇندىن كېيىن بىر ـ بىرىمىز بىلەن
ئانچە كارىمىز بولمىدى، ئۇ ھەر كۈنى كەچلىكى يېرىم كېچىدە كېلەتتى،
ئەتىسى چۈشكىچە بەزىدە چۈشتىن كېيىنگىچە ئۇخلايتتى، كۆپىنچە ھاللاردا
بىزدە سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى بولمايتتى، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزچە

Unregistered

پىراكتىكا قىلىش پۇرستىم يوق دېيەرلىك ئىدى. كۆڭلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كەچ سائەت 6 دىلا يېنىپ كەلدى، "ئەتە نەۋيوركتىن دوستۇم كەلمەكچى ئىدى، سىزگە قولايسىزلىق بولماس ـ ھە؟" "ھېچقىسى يوق، دوستىڭىز تۇرسا !" مەن ئەلۋەتتە شۇنداق جاۋاب بېرىمەن ـ دە، چۈنكى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭمۇ دوستلىرىم كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.
ئەتىسى دەرستىن چۈشۈپ كەلسەم ئۆيدە لىق مېھمان، مەن ئۇلار بىلەن سالام قىلىشتىم ـ دە، ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم، ئادەتتىمۇ ھەر جۈمە، ياكى شەنبە ئۇنىڭ دوستلىرى كېلەتتى تاكى تۈن نىسپىگىچە ئولتۇرۇپ ئاندىن كېتىشەتتى، بۇنداق كۈنلىرى مەن پەستىكى كومپيۇتېرخانىغا كىرىپ، توردىن ماتېرىيال ئىزدەيتتىم، مەنمۇ ئاستا ـ ئاستا كېچىسى كېچىكىپ ئۇخلاشقا ئادەتلىنىۋاتاتتىم، شۇنداق قىلىپ چۈشتە ئەشۇ قالغان تامىقىمنى ئىسسىتىپ يېدىم ـ ـ ـ
چۈشۈپ كەتتىم، سائەت بىرلەردىمۇ دېيمەن ،قايتىپ كىرىپ ھەيران قالدىم، ئۆيدە بىر يىگىت ئولتۇراتتى، "سالام ـ ئەلەيكۇم" ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا سالام قىلدى، "ۋەلەيكۇم ـ ئەسسالام"، بائىمە دوستىنى ماڭا تونۇشتۇردى "نەۋيوركتىن كەلگەن دوستۇم بولىدۇ، بۇ ئۆيدە بىر ھەپتە تۇرىدۇ."
"شۇنداقمۇ، تونۇشقىنىمدىن خۇشالمەن، خەيرلىك كەچ!" مەن ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم، شۇ كۈنى تۈنجى قېتىم يۈيۈنماي ئۇخلىدىم، ياتلا بىر ئوغۇل بالىنىڭ بۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىشى مېنى قورۇندۇرغان ئىدى...
ئەتىسى سەھەر ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، مونچىغا كىرىپ يۈيۈنۈۋېلىپ، كۇتۇپخانىغا كەتتىم، بائىمەدىن دوستىنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى سورىمىغانلىقىمدىن پۇشايمان قىلماقتا ئىدىم، تۇرۇپ ئۆزۈمگە شۇنداق دەيتتىم "نېمە كارىڭ، بۇ ئامېرىكا، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى، ئۇ قىز مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس

ۋە ياكى قىزىم ئەمەس، مېنىڭ باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلىشىش هوقۇقىم يوق". نەۋيوركلۇق يىگىت بىر هەپتە تۇرۇپ كەتتى، هەر كۈنى سەهەر ئۇلار ئورنىدىن تۇرماستا كېتەتتىم، كەچلىكى ئۇلار كەلمەستە ياتىقىمغا كىرىپ كېتەتتىم.

كېيىن ئۇ يىگىت كەتكەندىن كەيىن مەن بائىمەدىن سورىدىم" ئۇ بالا يىگىتىڭىزمۇ؟" "ياق ئەمەس، يىگىتىم ئاۋستىرالىيەدە ئوقۇۋاتىدۇ، بۇ مېنىڭ ئادەتتىكى دوستۇملا خالاس!" ئۇ ناهايىتى بىپەرۋا كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، هايالىق قىزلىرىمىزنى شۇنچىلىك سېغىندىم. بائىمە ئادەتتە تولىمۇ خۇشخۇي يۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىرەر قېتىم بېسىم هىس قىلغىنىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى مەن ياقتۇرغان ئىدىم، ئۇ ئۆيدە توختىماي ناخشا ئېيتاتتى، "ئۆيدىكىلىرىڭىزنى سېغىنغان بولسىڭىز ناخشا ئاڭلاڭ، ياكى تۆرىڭىز ئېيتىڭ، بەك ياخشى بولىدۇ، كەيپىياتىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، تىل ئۆگەنمەن دەپ بەك كۈچەپ كەتمەڭ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاندىن تىل مۇهىتىغا كۆنىسىز، تېلېۋىزور كۆرۈڭ، خەۋەر ئاڭلاڭ، كومدىيە كۆرۈڭ..." ئۇنىڭ مەسلىهەتى هەقىقەتەن ياخشى ئىدى، تېلېۋىزور كۆرگەنىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىمغا خېلىلا پايدىسى بولدى. ئۇ ناخشىغا تولىمۇ ئامراق ئىدى، مەندىن بىر كۈنى "ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشىسىنى ئېيتالامسىز؟ مېنىڭ بەك ئاڭلىغۇم بار، ئەيتىپ بەرگەن بولسىڭىز." دەپ ئۆتۈندى،" كاسېتلارنى قويۇپ بەردىمغۇ، شۇنى ئاڭلاڭ، مەن ئانچە ياخشى ئېيتالمايمەن." "ياق ئېيتىپ بېقىڭ، مېنىڭ سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار". ئۇنىڭ بۇ ئوماق تۇرقىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتىم ـ دە، تەكستتى مەلكە زىياۋۇدۇنىڭ، مۇزىكىسى ئىسكەندەر سەيپۇللانىڭ "سېنى ئەسلەيمەن" (ياكى "باهار ۋالسى"

Unregistered

بولسا كەرەك ، ناخشىنىڭ تېكىستتى ئېسىمدە ، ئەمما ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) دېگەن ناخشىسىنى پەس ئاۋازدا ئېيتىپ بەردىم ، "شۇنچە گۈزەل ناخشىكەن ، نېمىشكە ئاۋازىڭىزنى تۇتۇۋالسىز؟ يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىڭ ، ئاۋازىڭىزنى قويۇۋېتىڭ ، يەنىمۇ قويۇۋەتىڭ " ئۇ كونا تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلاردەك ماڭا ئۆگىتەتتى ، تووۋا دەيمەن شۇ كۈنى بىر چۈشتىن كېيىن بۇ قىز بىلەن ناخشا ئېيتتىم ، ئاۋازىم بارغانچە ئېچىلىۋاتاتتى ، كەيپىياتىممۇ شۇنچىلىك ياخشى ئىدى ، ئۆيدىكى چاغدا تاماق ئەتكىچە ئارىلاپ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ناخشىنى پەس ئاۋازدا ئەيتقاچ تاماق ئېتىدىغان ئادىتىم بار ئىدى ، مانا ئەمدى يالغۇز قالغىنىمدا ئۆزۈمنى ئەركىن قويۇۋېتىپ ، تازا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىدىغان بولدۇم ، ھەر ھالدا ئاۋازىم ئانچە يېقىمسىز ئەمەس ئىدى ، بەزىدە بائىمە ناخشىغا جۆر بولاتتى . . .

شۇنداق ، بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە مەن ئۇ قىزنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى ياقتۇرمىغان بولسامىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ خۇشخۇيلۇقى ، ئاداۋەت ساقلىمايدىغان مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدىم . ئۇ قىز بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقىغا بەك ئامراق بولۇپ بەزىدە تاماق ئۇستىگە كېلىپ قالسا ، تامىقىمنى ماختاپ تۇرۇپ يەيتتى ، يالغۇز تاماق يېيىشكە كۆنمىگەن بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تاماقنى بىللە يېگىنىدىن خۇش بولۇپمۇ قالاتتىم . بەلكىم ئۇ قىز بىلەن تېخىمۇ ئۇزۇن بىللە تۇرار بولغىيدىم ، ئەمما ھازىرقى قوشنام جۇلىيا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن ئۆي كۆچتۈم ، ئەمما بائىمەنى ھېلىمۇ سېغىنىپ ئەسلەپ تۇرىمەن . مەيلى قانداق بولمىسۇن ئۇنىڭ خۇشھۇيلۇق ، ئاداۋەت ساقلىمايدىغان تۈز مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم .

خوش ، بۇگۈنچە مۇشۇنچىلىك يازاي .

ئامان بولۇڭ.

ھورمەت بىلەن :لالە

7 ـ

## ئۇيقۇسىز كېچىلەر

سالام سابا،

بەلكىم دەسلەپ كەلگەن چاغدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىمنى بىلگۈڭىز باردۇر، بۈگۈن شۇ كۈنلەر ھەققىدە توختالماقچىمەن.

ياتاقدىشىم بائىمەنىڭ كۈندۈزى ئۇخلاپ، يېرىم كېچىدە كىلىدىغان ئادىتى ئۇخشاشلا داۋاملىشىپ بارماقتا ئىدى، ئىككىمىز ھەپتە ئاخىرىغىچە كۆرۈشمەيتتۇق، ئارىلاپ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى ـ . . . بىردەمدىلا چىرايلىق ياسىنىپ نەلەرگىدۇر يوقايتتى. راست، روزا باشلانغاندىن بۇيان ئۇمۇ روزا تۇتۇشقا باشلىدى، روزىنىڭ 1 ـ كۈنى مالايسىيالىق دوستلىرىنى ياتاققا چاقىرىپ تۈنجى ئىپتار چايىنى بەردى، ئەلۋەتتە مېنىمۇ تەكلىپ قىلدى، ئىپتاردىن كېيىن دوستلىرى بىلەن چىقىپ كەتكىنىچە تۈن نىسپىدىن كېيىن

كىردىغۇ دەيمەن، ئىشقىلىپ ئاشخانىدا قاچا ـ قۇچىلارنىڭ تاراقشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولدۇم، مەن ئۇنىڭ سەھەردە زوۋۇغا تۇرالىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، سەھەرلىكى ئورنۇمدىن تۇرۇپ زوۋۇلۇقنى تەييارلاپ، ئۇنى ئويغاتقىنىمدا ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ زوۋۇغا ئولتۇردى...چۈشتە كەلسەم ئۇ چىقىپ كېتىپتۇ، "پىكىر دەپتىرى"دە ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتى تۇراتتى، "بۈگۈنكى ناشتىلىقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، بۇندىن كېيىن مېنى سەھەردە ئويغاتمىغان بولسىڭىز." "بولىدۇ، بىلدىم" مەنمۇ جاۋاب خەت يېزىپ قويدۇم، ئاخشىمى ئۇ ئىپتارغا كىرمىدى، بەلكىم دوستلىرىنىڭ ياتىقىدا ئىپتار قىلغان بولسا كېرەك، شۇندىن باشلاپ، ئۇنى زوۋۇغا ئويغاتمايدىغان بولدۇم.

ئەمدى ئۇ ھەر كۈنى كېچە سائەت ئىككىلەردە كىرەتتى ـ دە تامىقىنى يەۋېلىپ، مونچىنىڭ سۈيىنى شارقىرىتىپ قويۇۋېتىپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەتىسى چۈشكىچە ئۇخلايتتى، كۈنلەرنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن مەن بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ يېرىم كېچىدىكى پائالىيىتى، مەنمۇ ئۇيقۇسىز قويۇۋاتاتتى، ئاخىر بىر شەنبە كۈنى مەن ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي يوسۇندا پاراڭلاشتىم، "سىز كېچىسى نەچچىدە ئۇخلىسىڭىز مەيلى، مەن بۇنىڭغا ئارىلىشالمايمان، بۇ سىزنىڭ ئەركىنلىكىڭىز، ئەمما مېنىمۇ ئويلاپ قويۇشىڭىز كېرەك، مەن ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرۇشۇم، دەرسكە بېرىشىم كېرەك، ئاخشىمى ياخشى دەم ئالالمىسام بېشىم ئاغرىيدۇ، مېنىمۇ ئازراق ئويلاپ قويۇڭ" ئۇ بىردەم جىممىدە تۇرۇپ كەتتى ـ دە، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى "شۇنداق 4 يىلدىن بۇيان مەن مۇشۇنداق ياشاپ كېلىۋاتىمەن، كېچىسى ئۇخلىيالمايمەن، شۇڭا ئەتىگەندە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ بىرىنىمۇ تاللىمىدىم، دەرسلىرىمنىڭ

Unregistered

ھەممىسى چۈشتىن كېيىن ئۆتۈلىدۇ، ياكى كەچتە، خالىسىڭىز، سىزمۇ چۈشتىن كېيىن ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى تاللاڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئىككىمىز كېچىچە پاراڭلىشالايمىز، بەك ئوبدان بولاتتى." تووۋا بۇ قىزنى كۆرۈڭ! ئۇ مېنى ئۆزىگە ئوخشاش "تۈن مۈشۈكى" بول دەۋاتاتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى، ئامال بار بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىش كېرەك، ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى سېزىۋالغاندەكلا "راست سىزگە قولايسىز بولىۋاتىدۇ، ئەمما ئامال يوق، مەن مۇشۇنداق كۆنۈپ قاپتىمەن، سىز ئىككى ئايلىق ئىجارىنى بېرىپ بولغان ئىدىڭىز، بەنە بىر ئاي ۋاقىت بار ئىكەن، 4 ـ قەۋەتتە دوستۇمنىڭ ئۆيى بىكار بولدى، شۇ يەردە تۇرامسىز ـ يا، سىزدىن بۇ ئايلىق ئىجارىنى ئالمايدۇ" "دوستىڭىز مۇسۇلمانمۇ؟" "ھەئە، ئۇ مۇسۇلمان مالايسىيالىق، بەك ياخشى بالا" "نېمە ئۇ ئوغۇل بالىمۇ؟" مەن ھەيران قالدىم "ياق، مەن ئوغۇل بالىنىڭ ئۆيىدە قانداق تۇرىمەن؟!" ئۇ مېنىڭ جىددى پوزىتسىيەمنى كۆرۈپ، كۈلۈپ كەتتى ـ دى "مەيلى، ئىختىيارىڭىز، مەنمۇ كېچىسى سەل دىققەت قىلاي، ئوك!" "رەھمەت، شۇنداق قىلسىڭىز بەك خۇش بولغان بولاتتىم!"سۆھبىتىمىز ئەنە شۇنداق نەتىجىسىز ئاياغلاشتى، مانا شۇ چاغدا مەن ئىككى ئايلىق ياتاق پۇلىنى ئالدىن بېرىۋەتكىنىمگە پۇشايمان قىلدىم، ھېلىمۇ ئەقلىم ئىشلەپ ئالتە ئايلىقنى بىراقلا بەرمەپتىمەن.

مەنمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈم سەزمەيلا كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئىلگىرى سائەت 12 دىن كېيىن ئۇخلىسام، ئەتىسى بېشىم ئاغرىيتتى، مانا ئەمدى سائەت بىر ھەتتا ئۈچ، تۆتلەر بولۇپ كېتىدىغان بولدى، ئەتىسى دەرسىم بار كۈنى تولىمۇ ھارغىن ھالدا دەرسكە باراتتىم. بىر كۈنى گ ئەپەندىم تۇيۇقسىز

Unregistered

سوراپ قالدى، "ئاغرىپ قالمىغانسىز؟""ياقەي، ياخشى تۇرۇۋېتىمەنغۇ". مەن ئاغزىمدا شۇنداق دېگەن بولسامۇ، ئەمما ئۇڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتىم. "ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىپ، شۇنداقمۇ؟" "ياق، ئۇنداق ئەمەس، ياتاقدىشىم كېچىسى كەچ كېلىدۇ، ئۇخلىسام بەربىر ئويغىنىپ كېتىمەن، شۇڭا ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئۇخلايدىغان بولدۇم". گ ئەپەندى سوراپ تۇرىۋالغاچ، ئامالسىز دەم ئېلىشىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، كۆنەلمەيۋاتقانلىقىمنى ئۇنىڭغا دېدىم، ئۇ بەكمۇ ھەيران قالغاندەك قىلاتتى، ئاخىرى ئېغىز ئاچتى "بۇنداق كېتىۋەرسە سالامەتلىكىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز، مەن ئۇقۇشۇپ باقاي، ئۆي تېپىلسىلا كۆچۈپ كېتىڭ!" ئۇ سەل بۇيرۇق ئارىلاش، ئەمما كۆيۈنگەن ھالدا شۇنداق دېدى.

ۇنداق، سىز چەتكە چىقىپ ئوقۇيمەن دەيدىكەنسىز، ئاۋۋال تۇرىدىغان جايىڭىزنى ئوبدان تاللىمىسىڭىز بولمايدۇ، يات ئەل، يات مۇھىتتا بۇ تولىمۇ مۇھىم ئىش بولۇپ، سىزنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىگە تەسىر قىلىدۇ. مېنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئايلىق ھاياتىم بائىمەنىڭ ئۆيىدە ئەشۇنداق سانسىزلىغان ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى كۆتۈۋەلىش بىلەن ئۆتتى. بەزى چاغلاردا ئىللىق ئۆيۈمنى تاشلاپ بۇ يەرگە ئاللىقانداق ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ يىغلىغان كۈنلىرىممۇ بولدى، بەلكىم بۇ ئەھۋاللار يېڭى كەلگەنلەردە بولىدىغان ئوخشاش ئەھۋال بولسا كېرەك. چەتكە چىقىپ ئوقۇماقچى بولۇۋاتقان ياش دوستلىرىمىزغا ئاز-تولا پايدىسى بولار دېگەن مەقسەتتە تۇرالغۇ مەسىلىسىدە ئۇچرىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بۇ يەرگە يېزىپ قويدۇم.

Unregistered

خوش، ئامان بولۇڭ،
لاله

8-

**تىل ئۆتكىلى**

سالام سابا،

بۇ يەرگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ماڭا ئەڭ ئېغىر كەلگىنى تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش بولدى. مېنىڭ ۋەتەندە ئۆگەنگەن "گاچا ئىنگلىز تىلىم" بىلەن كەسپىي دەرسلەرنى ئاڭلاپ چۈشىنىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
گ ئەپەندى ئادەتتە ماڭا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگىنى بىلەن سىنىپتا دەرسنى

UnRegistered

پۈتۈنلەي ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيتتى، مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم بولسا ھەر سائەتلىك دەرستە توختىماي پىكىر بايان قىلىشاتتى، ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ بىچارە ھىس قىلاتتىم. . . ـ مەزمۇننى چۈشىنىۋېلىشقا شۇنچە تىرىشساممۇ ئەمما ھەر سائەتلىك دەرستە ئىگىلىيەلەيدىغىنىم تولىمۇ ئاز ئىدى، دەرس تۈگىگەندە بولسا قاتتىق چارچىغىنىمنى ھىس قىلاتتىم.

ساۋاقداشلىرىم ھەممىسىلا مەندىن كىچىك بولۇپ، ئۇلار بىلىم ئىگىلەيدىغان ئەڭ ياخشى پەيتتە، ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق مەزگىلىدە ئىدى، مەن ئۇلارغا ھەر قېتىم سەپ سالغىنىمدا ئۆزۈمنىڭ بىلىم ئىگىلەيدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىللىرىمنى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمنى ھىس قىلاتتىم، كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. . . مانا مۇشۇنداق ئېغىر بېسىم ئىچىدە ئوقۇشۇم داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە "ۋىستىنىڭ سىچولار" بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن مېنىڭ بۇنچە زورۇقۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئەمما مېنىڭ زادىلا تەن بەرگىم كەلمەيتتى. "ئۆيمگه كەلدىم" دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە "بىر يىل مۇشۇنداق بىكارغا ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ مەن بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىدىم. . . كەلگەندىن كېيىن ئۆگىنىشىم كېرەك!" ھەر قېتىم دەرستىن چۈشكەندە بىلەلمىگەن مەزمۇنلارنى گ ئەپەندىدىن سورايتتىم، بەزىدە بۇنداق زىغىرلاپ سوراۋېرىشتىن خىجىلمۇ بولاتتىم، "ھېچقىسى يوق، سوراۋېرىڭ، سىزگە راستىلا تەس، ياردەمدە بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن. " ھەر قېتىم ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئېلىپ دەرس مەزمۇننى سورىغىنىمدا گ ئەپەندىم شۇنداق جاۋاب بېرەتتى. مەن مۇشۇنداق تەرسالىق بىلەن ئۆگىنەتتىم، ئەمما ئۇنۇمى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. . .

ئەنە شۇ كۈنلەردە بىر ساۋاقدىشىمدىن مەكتەپتە ھەر كۈنى كەچلىكى

Unregistered

ئۆتۈلىدىغان ئىنگلىز تىلى دەرسى بارلىقىنى ئاڭلاپ بەك خوش بولۇپ كەتتىم. چۈنكى مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈپ بېرىلىدىغان ئىنگلىز تىلى دەرسىگە تىزىملاتقان بولسامۇ، لېكىن ماڭا نۆۋەت كەلمىگەچكە شۇ كۈنلەردە تولىمۇ تىت-تىت بولۇپ يۈرەتتىم.

كەچلىك كۇرستىكى دەرس ھەر كۈنى كەچلىكى سائەت 7 دىن 9 غىچە ئىككى سائەت ئۆتۈلىدىغان بولۇپ، دەرسنى ياش بىر كورىيەلىك قىز ئۆتەتتى، دائىم كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ خۇشخۇي قىز دەرس ۋاقتىدا تولىمۇ سۇرلۇك بولۇپ كەتەتتى. ئۇ دەرسنى تولىمۇ ئەستايىدىل سۆزلەيتتى، لېكىن كۆزىمىزنىڭ ئىچىگە قاراپ تىكىلىپ تۇرۇشى بىزنى بىئارام قىلاتتى، ھەر سائەتتە ھەممىمىزدىن سوئال سوراپ چىقاتتى، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتۇق، "ئاغزىڭلارنى چوڭ ئېچىڭلار، مانا مۇنداق" ئۇ بىزگە قاراپ بۇيرۇق قىلاتتى \"سۆزلەش، توختىماي سۆزلەش كېرەك، خىجىل بولۇشقا رۇخسەت يوق! "بىز قىينىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتۇق، سۆزلىيەلمىگەنسېرى ئۇ كۆزىمىزگە كىرىۋالاتتى" ياق توختاپ قېلىشقا رۇخسەت يوق! سوزلەڭ، ھە ئەمدى بولدى..." ئۇ سىنىپتا توختىماي مېڭىپ يۈرەتتى، ئەگەر كىمدە-كىم دىققەت قىلمىسا ئۇنىڭ كۆزى مۆلايىملىق بىلەن شۇنىڭغا تىكىلەتتى-

"كەچۈرۈڭ، سىز مەڭگۈ مۇشۇ سىنىپتا مېنىڭ دەرسىمنى ئاڭلىماقچىمۇ؟" دەيتتى كۈلۈپ، "راندي. بەندىرنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغۇڭلار يوقمۇ؟ ئەگەر بۇ مەكتەپكە كېلىپ، ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىماي كەتسەڭلار بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ." ئاندىن ئۇ بايىقى دىققىتى چېچىلغان ئوقۇغۇچىدىن توختىماي سوئال سورايتتى، بۇنداق چاغدا بۇ تەلەپچان ئوقۇتقۇچىغا جاۋاب بەرمەي ئامالىڭىز يوق ئىدى، ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدا ئەگەر ئۇ ئاشۇنداق كۆزىمىزگە

كىرىشۋالمىغان بولسا بەلكىم هازىرغىچە پەقەت لۇغەتكە تايىنىپ كىتاب كۆرۈش بىلەن چەكلىنىدىغان "گاچا ئىنگلىز تىلى" سەۋىيەم بىلەن قالاتتىمكىن دەيمەن، مانا هازىر ئۇنىڭ قاتتىق قوللۇقى بىلەن ئۆز مەقسىدىمنى خېلى ئوبدان چۈشەندۈرەلەيدىغان هالەتكە يەتتىم، راندىي. بەندەرنىڭ ئىنگلىز تىلى سىنىپىغىمۇ كىردىم، ئەمما ئەندىلا 20 ياشتىن ئاشقان بۇ كورىيەلىك قىزنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. شۇنچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ مەن تېخى بۇنداق "قاتتىق قول ئۇستاز"نى يولۇقتۇرمىغان ئىدىم، ئەگەر ۋەتەندە چاغدا مۇشۇنداق بىر ئوقۇتقۇچىغا يولۇققان بولسام، بەلكىم مېنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەم هازىرقىدىن ياخشىراق بولارمىدىكەن؟ بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالاتتىم، تىل ئۆگىنىشتە ئەڭ مۇهىمى يەنىلا سۆزلەش، توختىماي سۆزلەش ئىدى.

دەسلەپكى چاغلاردىكى كەچۈرمىشلىرىم مېنى "چەت ئەلگە چىقماقچى بولغانلار ئەڭ مۇهىمى ئىنگلىز تىلىدىن ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك ئىكەن" دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈردى. مېنىڭ ئىككى ئايدىن كېيىن جۇلىيانىڭ ئۆيىگە كۆچۈشۈممۇ ئەمەلىيەتتە تىل ئۆتكىلىدىن چاققانراق ئۆتۈش ئۈچۈن ئىدى، گەرچە بۇ يەر مەكتەپتىن خېلى يىراق، ئاپتوبۇستا بىر سائەت مېڭىشىمغا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يالغۇزلۇق ئازابىنى يەتكىچە تارتقان بۇ يېگانە ئايال بىلەن بىللە تۇرۇش مېنىڭ ئىنگلىزچە ئېغىز تىلىنى پىششىقلىشىمغا تولىمۇ ياخشى شارائىت هازىرلىدى.

مانا هازىر گ ئەپەندىنىڭ دەرسىنى چۈشىنەلەيدىغان، دەرس ئارىلىقىدا هەر هالدا ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنى سورىيالايدىغان، ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولدۇم. شۇنداق سابا، دەسلەپكى چاغلاردا تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ماڭا خېلىلا تەس كەلدى، يات بىر مۇهىتتا، يات ئەلدە تىل

Unregistered

بىلمەسلىكتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك! خوش، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك يازاي، ئامان بولۇڭ.

ھورمەت بىلەن: لالە

9-

ئۆستازىم ۋە ساۋاقداشلىرىم نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

سالام سابا،

بۈگۈن سىزگە ئامېرىكىلىقلار نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالماقچىمەن، ئەلۋەتتە مەن تىلغا ئالغان ئامېرىكىلىق دوستلىرىم بارلىق ئامېرىكىلىقلارغا ۋەكىللىك قىلالماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا ماۋزۇنى »ئامېرىكىلىقلار نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار« دەپ قويماستىن »ئۆستازىم ۋە ساۋاقداشلىرىم نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار«دەپ قويدۇم.

دەسلەپكى چاغلاردا ھەر كۈنى كەچلىكى ئىنگلىز تىلى دەرسىنى ئاڭلىغاندىن

UnRegistered

باشقا، ھەپتىدە ئىككى قېتىم كەسپىي دەرس ئاڭلايتتىم. دەرسىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەزمۇنلارمۇ پات ـ پات سۆزلىنىپ قالاتتى، بۇنداق چاغلاردا ساۋاقداشلىرىمنىڭ نەزەرى ئىتتىك ماڭا يۆتكىلەتتى، گ ئەپەندى بولسا دەرس سۆزلەۋېتىپ، ـ پات مەندىن »شۇنداقمۇ، سىزنىڭچە قانداق؟« دېگەندەك سوئاللارنى . سوراپ قوياتتى، بۇ چاغدا مەن ئىختىيارسىز قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم، ئۇ دائىم مەن بىلىشكە قىزىققىدىغان، ئەمما مۇشۇ كەمگىچە تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان ئەڭ نازۇك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. دەسلەپكى چاغلاردا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم، چۈنكى ئالدىراپ پىكىر بايان قىلماسلىق، ئاۋال باشقىلارنىڭ . پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش مېنىڭ مۇشۇ 10 يىللىق خىزمەت جەريانىدا يېتىلدۈرگەن مىجەزىم ئىدى، خىزمەتكە يېڭى چىققان دەسلەپكى چاغلىرىمدا مەنمۇ سانسىز ياشلارغا ئوخشاش ئاسان ھاياجانلىناتتىم، دادىللىق بىلەن پىكىر بايان قىلاتتىم، قايناپ سۆزلەپ كېتەتتىم، ئەمما كېيىنكى چاغلاردا بۇ خىل خاراكتېرىم سەۋەبىدىن ئاز بولمىغان زىيانلارنى تارتتىم، ئەنە شۇندىن بۇيان بارا ـ ـ ئېغىر ـ بېسىق بولۇشتەك ئۆزۈمگە يات بولغان مىجەز مەندە يېتىلىپ بارماقتا ئىدى، مانا بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بولسا تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، دەرس ۋاقتىدا كۆپرەك ئاڭلاپ بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتىم، ئەمما جىق سۆزلىگۈم كەلمەيتتى...

گ ئەپەندى مېنىڭ بۇ مىجەزىمنى بىلىپ قالغاندەك ئىدى، بىر كۈنى ئۇ مەندىن »نېمىگە ئېھتىيات قىلىسىز؟« دەپ سوراپ قالدى، مەن تولىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم، »ياقەي، ھېچنېمە بولمىدى، مەن بۇ مەسىلىلەرنى ئانچە بىلىپ

كەتمەيدىكەنمەن. « »ھېچقىسى يوق، مەن چۈشىنىمەن، كۆپىنچە ئۇيغۇرلار سىزگە ئوخشاش، جىق گەپ قىلىشنى خالىمايدۇ، مەن سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارغا بارغىنىمدا بۇ خىل ئەھۋالنى جىق كۆرگەن« ، ئارقىدىن ئۇ ماڭا قاراپ شۇنداق دېدى. »بىلەمسىز، مەن ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۆگەنگەن؟« مەن ئۈندىمەستىن سوئال نەزەرىدە ئۇنىڭغا قارىدىم، »ئۇ چاغدا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى بىرنەچچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوست بولغان ئىدىم، دەسلەپكى چاغلاردا مەنمۇ سىزگە ئوخشاش تارتىنچاق ئىدىم، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم، دائىم خاتا سۆزلەپ قويارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەيتتىم، ئۇيغۇر يىگىتلىرى ماڭا دادىل بولۇشنى ئۆگەتتى، بىز دائىم بىللە تاماق يېگىلى باراتتۇق، تاماقتىن كېيىن بولسا ئازراق ئىچىۋالاتتۇق« ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى »شۇنداق ئىچىۋالغاندىن كېيىن تازا سۆزلەيتتىم، گىرامماتىكا بىلەن كارىم بولمايتتى، ۆزۈم قىزىققان ھەممە ئىشلارنى سورايتتىم. . .« »ھازىرمۇ ئىچىپ قويامسىز؟« ئۇ ئوچۇق مىجەزلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى »ياق، ھازىر ئىچمەيمەن، ئەمما ئۇيغۇر يىگىتلىرى بىلەن بىللە بولسام ئىچكۈم كېلىپ قالىدۇ، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق، خۇشخۇي سەممىي مىجەزىنى ياقتۇرىمەن، يەنە ئۇلاردا باشقا مىللەتلەردە يوق ئاجايىپ بىر جاسارەت بار. . .« ئۇ ئاجايىپ بىر مۇھەببەت بىلەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە سوزلەيتتى، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ چاقچاقخۇمار، ئوچۇق ـ يورۇق مىجەزىنى بەك ياقتۇرىدىغانلىقىنى زوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى. »مەن ئۇيغۇرلارنىڭ چاقچاقلىرىنى بەك ياقتۇرىمەن، مەنىسى بەك چوڭقۇر، مەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ چاقچاقلىرىنى بەك ياقتۇرىمەن، ئۇلار مەردانە، شۇنداقلا ئۆز مىجەزىنى قانداق تەڭشەشنى بىلىدۇ، مەن ئۇلارغا قايىل. . .« ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن بۇ باھاسى مېنى سۆيۈندۈردى. ئۇ

Unregistered

گەپنى داۋاملاشتۇردى »سىزدىكى بۇ ھالەتنى چۈشىنىمەن، سىز كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلەشنى خالىمايسىز ، ئەمما سىزنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرىڭىز بار، مۇمكىن بولسا بۇ ھەقتە پاراڭلاشقۇم بار، ئوچۇق ـ يورۇقراق بولۇڭ«. »بولىدۇ، بۇندىن كېيىن ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمەن« مەن شۇنداق جاۋ بەردىم، ئەمما دەرس ۋاقتىدا يەنىلا كۆپ ئاڭلاپ، ئاز سۆزلەيتىم، مانا ھازىر ئىنگلىز تىلىدا ئۆز مەقسىدىمنى ھەر ھالدا ئۇقتۇرالايمەن، ئەمما يەنىلا ئالدىراپ پىكىر بايان قىلمايمەن. بۇ بەلكىم بىز ئۇيغۇرلاردا مۇشۇ يىللاردا يېتىلدۈرگەن ئورتاق خاراكتېر بولسا كېرەك.

بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە بىر ساۋاقدىشىم مەندىن »سىز ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر دېگەن سۆزگە قانداق قارايسىز؟« دەپ سوراپ قالدى. شۇ ھامان ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئوقۇتقۇچۇمغا سوۋغات ئالغىنىمدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆرۈنۈشنى تاللىماستىن، قۇملۇقتا تۆگە يېتىلەپ كېتىۋاتقان كارۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆرۈنۈشنى تاللىغىنىم ئېسىمگە كەلدى، شۇنداق، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىز تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈش تولىمۇ نەپىس ئىدى، ئەمما مەن ئۇنى چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچۇمغا سوۋغا قىلىشنى خالىمىدىم! بۇنىڭ سەۋەبىنى ياش دوستلىرىم ياخشى بىلسە كېرەك... مەن بۇ ساۋاقدىشىمغا كۈلۈپ تۇرۇپ »بۇ سۆز ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەتخۇمار مىللەتلىكىنى نامايەن قىلغان ئەڭ ياخشى باھا! لېكىن ھازىرقى كۈندە بۇ سۆزنى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئانچە ياقتۇرمايدۇ، مەنمۇ ھەم شۇنداق!« »بىلمەمەن« ئۇ قۇۋلۇق بىلەن كۆزۈمگە قارىدى »ھازىر بۇ سۆز سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلاردا ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن باشقىغا ماھىر ئەمەس دېگەن

Unregistered

مەندە شۇنداقمۇ؟« ئۇنىڭ يەنە مۇلاھىزە قىلغۇسى بار ئىدى، ئەمما مېنىڭ ئانچە خالىمىغىنىمنى سەزدى بولغاي تەمنى يۆتكىۋەتتى، »ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق، سىلەردىن نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئالىملار چىققان... »ئۇ تارىختىكى تەۋەرۈك كىشىلىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتتى، ئۇ مەنى خۇش قىلماقچى بولسا كېرەك، ئەمما مەن زادىلا خۇش بولمىدىم، ئەكسىچە قاتتىق ئازابلاندىم... ئۇ ھازىر دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇرلارغا بولغان باھانى "ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان مىللەت، جوڭگودىكى سىگانلار..."دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى خېلى تەتقىق قىلغاندەك قىلاتتى، ئەمما بۈگۈن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ جىق گەپ قىلمىدى.

شۇنداق سابا، مەن دەرس ئاڭلاش جەريانىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن تارىخنى قايتا ئۆگەندىم، چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغا باھالىرىنى ئاڭلىدىم، بىلگەنلىرىم قانچە جىق بولغانسېرى شۇنچە مۇڭلىنىدىغان بولۇپ قالدىم......

خوش، ئامان بولۇڭ، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك يازاي.

ھۆرمەت بىلەن: لالە

**10 -**

## تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە

سالام سابا:

UnRegistered

مەن ۋەتەندىكى چېغىمدا چەتكە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەنلەردىن چەتكە چىقىپ ئوقۇشنىڭ جاپالىقلىقىنى جىق ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدا يەنىلا ئۇنچىلىك تەسلىكىنى ھىس قىلالمايتتىم، "قانچىلىك ئىش ئىدى" دەيتتىم ئۆزۈمگە، "بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا جاپا تارتىۋاتىمىزغۇ، بولسا شۇنچىلىك بولار..."

مانا ئۆز خىراجىتىم بىلەن ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىنلا، بۇ جاپانىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھىس قىلغان بولدۇم، كەسكىن رىقابەتكە تولغان بۇ دۇنيا ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھىس قىلدۇردى. بۇ يەردە سىزگە خىرىس قىلىۋاتقىنى ئۆز ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى تۈرلۈك مۈشكۈلاتلار ئىچىدىكى ئەڭ روشەن بولغان مەسىلە يەنىلا تۇرمۇشىڭىزنى قامداش مەسىلىسى! سىز ھەر ۋاقىت ئەتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت غەم-ئەندىشە ئىچىدە ياشايسىز، تۇرمۇشىڭىزنى قامداش ئۈچۈن ئۆزىڭىز خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولىسىز! ئەمما بۇ ئىشنىڭ تېپىلىشىمۇ ئاسان ئەمەس، سىز ئېرىنمەي ئىزدەشكە، باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولىسىز، ئەمما يەنىلا ئۆزىڭىز بىۋاستە ئىزدىگىنىڭىز ئەڭ ياخشى، چۈنكى يات ئەلدە باشقىلاردىن ياردەم سوراشتىمۇ مۈشكۈل ئىش بولمىسا كېرەك، سىز باشقىلارنىڭ كىچىككىنە ياردىمىگە ئېرىشىپ قالسىڭىز ئۆزىڭىزنى گويا ئۇ كىشىگە چەكسىز قەرزداردەك ھىس قىلىسىز، بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش بوينى قاتتىق كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

Unregistered

مەن بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەن كۈنلىرىمدە يېشىل ئورمان ئىچىگە جايلاشقان بۇ گۈزەل شەھەرگە زوقلانغان، بولۇپمۇ ھەر بىر تۈپ قارىغاي يېنىدا كىشىلەردىن قىلچە قورۇنماستىن خاتىرجەم ئويناپ يۈرگەن تىيىنلار، زوق-شوق بىلەن سايرىشىپ تۇرغان قۇشلار... مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان، مېنى تەسىرلەندۈرگەن، تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسى ئەقلىمنى لال قىلغان ئىدى!
ئەمما كۈنلەرنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن، تۇرمۇشۇمنى قانداق قامداش مەسلىسى مېنىڭ ئالدىمدىكى ئەڭ تەس ئۆتكەل بولۇپ قالدى، مەن دەسلەپكى چاغلاردا مۇشۇ مەكتەپنىڭ ماڭا لايىق بىرەر ئىشنىڭ چىقىشىغا ئىشەنچ قىلغان ئىدىم! ئەمما تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەر ۋە بىر قىسىم كىشلەرنىڭ ئاستىرتىن توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن مېنىڭ بۇ خىياللىرىم يوققا چىقتى!

مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرۇش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، گ ئەپەندى تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا ماڭا شۇنداق دىدى "سىزگە ئاسان ئەمەس، بۇنى بىلىمەن، مېنىڭ سىزگە بەك ياردەم قىلغۇم بار، ئەمما مەن بىر پروفېسسورلا خالاس، مەندە ھوقۇق يوق، ھوقۇق باشقىلارنىڭ قولىدا!" "رەھمەت، مەن چۈشىنىمەن، سىز كۆپ كۈچىدىڭىز!" مەن ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتتىم. ئەنە شۇندىن كېيىن مەن مەكتەپ سىرتىدىن بىرەر ئىش تېپىش مەقسىدىدە، تور بەتلىرىنى قەدىرىشقا، ئۆزۈم سىرتقا چىقىپ بىر-بىردىن ئەشۇ رېستۇران، ماگىزىنلارغا يولۇقۇشقا باشلىدىم. ئەمما ئومۇمى نوپۇسى ئاران 67مىڭ بولغان ،ئوقۇغۇچىلار 47 مىڭ نەپەرنى ئىگەللەيدىغان بۇ كىچىككىنە شەھەردە بۇ ئورۇنلاردا ئىش تېپىش مۇمكىنچىكى يوق دېيەرلىك ئىدى، ئىش ئىزدەپ بارسىڭىز خوجايىنلار تولىمۇ ئەدەپلىك ھالدا سىزنى كۈلۈپ قارشى

Unregistered

ئالىدۇ، ئاندىن بىر دەپتەرنى سىزگە سۇنۇپ "بۇ يەرگە ئادرېسىڭىزنى،

ـ مائىللىڭىزنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، بىز سىزگە خەۋەر قىلايلى!" دېگەن جاۋابنى بېرىشىدۇ. دەسلەپكى كۈنلەردە مەن بۇ خىل كۆتۈۋېلىشلاردىن خۇش بولغان، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىللىق مۇئامىلىسىدىن تەسىرلەنگەن ئىدىم، ئەمما ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە سىزنى رەت قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى بارا ـ بارا چۈشىنىپ يەتكەن بولدۇم. ئەنە شۇ چاغدىلا مەن كەسپىمنى قوغلىشىپ بۇ كىچىك شەھەرنى تاللىغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم، سەۋەبى سىز ئەگەر چەت ئەلدە ئۆز خىراجىتىڭىز بىلەن ئوقۇماقچى بولىدىكەنسىز، چوقۇم ئاۋات، چوڭ شەھەرلەرنى تاللىشىڭىز كېرەك ئىكەن، ئەگەر ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن كەلگەن بولسىڭىز ئۇنىڭ يولى باشقا. چۈنكى چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى قامدىغىدەك بىرەر پارچە ئىش تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشىڭىز كېرەك، شۇڭا چەتكە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغان دوستلىرىمغا تەۋسىيە قىلىدىغىنىم، مەكتەپ تاللىغاندا خىزمەت تېپىش ئىمكانىيىتى بولغان چوڭ شەھەرنى تاللاش كەرەك. چۈنكى تۇرمۇشىڭىز كاپالەتكە ئېرىشمىسە، ئوقۇشىڭىزمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ.

خوش سابا، مېنىڭ بايانلىرىمنىڭ سىزگە ئاز ـ تولا پايدىسى بولار دەيمەن.

لالە

ـ 11

## ئىندىئانلار نەگە كەتتى؟

سالام سابا: مېنىڭ بۇ شەھەرنى تاللىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب، مەن بۇ مەكتەپتە ئىندىئانلارغا ئائىت تەتقىقاتلار بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتى

UnRegistered

بولارمكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئاۋات شەھەرلەرگە بېرىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ كىچىككىنە شەھەرگە كەلگەن ئىدىم، ئەمما بۇ يەردە مەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بىرمۇ ئىندىئان ئۇچرىمىدى!

كەلگەن كۈنۈمنىڭ ئەتىسى ناشتا قىلىۋېتىپ گ ئەپەندىمدىن سورىدىم "شەھىرىڭلاردا ئىندىئانلارنى ئۇچرىتالارمەنمۇ؟" گ ئەپەندى تەئەججۇپ بىلەن ماڭا قارىدى، ئەمما دەرھال يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ "بىلمەكچى بولغىنىڭىز تۈپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىندىئانلارمۇ؟" دەپ سورىدى، "شۇنداق مېنىڭ ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جاينى بەك كۆرگۈم بار ئىدى." "شۇنداقمۇ، ئەلۋەتتە سىزنىڭ كەسپىڭىز فولكلور بولغاندىن كېيىن بۇ ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەمما بۇ شەھەردە سىز دېگەندەك ئىندىئان گۇرۇپپىلىرى يوق، ئەمما شتاتىمىزدا ئاز بىر قىسىم ئىندىئانلار بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن." "بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپتۇ!" مەن ئېغىر خۇرسىندىم. گ ئەپەندىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، "مېنىڭ بىر ئىندىئان ئاغىنەم بار، ئىندىئان تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇنىڭ دېيىشىچە ھازىر پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئىندىئانلارلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالالاپتۇ، تىلىنى ساقلاپ قالغانلار بولسا تېخىمۇ ئاز ئىكەن". "راستمۇ، ئەھۋال شۇنچە ئېغىرمۇ؟" گ ئەپەندىم ئېغىر خۇرسىندى "بۇ ھەققەتەن بىر چوڭ يوقىتىش بولدى، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى **500** ئىندىئان قەبىلىسى ئاشۇنداق يوقاپ كەتتى!" مەن ئۈندىمىدىم، ئۇنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ بۇزغۇم كەلمىدى. گ ئەپەندىم تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتىرىدى -!" "راست، بىزنىڭ شەھىرىمىزدە بىر ئىندىئان رەستورانى

Unregistered

بار، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىنى يېيەلەيسىز. "بۇ گەپنى ئاڭلا . كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالدى، "شۇنداقمۇ ئەمسە مەن كېيىنچە بارسام بولغىدەك!" شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىز ئاياقلاشقان بولدى، ئەمما مەندىكى ھەققى ئىندىئانلارنى كۆرۈش ئىستىكى بارغانچە كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى، ئامېرىكىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان بۇ كىشىلەرنى بۇگۈنكى تۇرمۇش ئادىتىنى، ئۇلارنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ياشاش ئۇسۇلىنى بىلگۈم بار ئىدى.

مەكتەپنىڭ "فولكلور تەتقىقات مەركىزى"دە ئىندىئانلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پروفېسسورلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرىنى مەكتەپ تورىدىن كۆرگەنمۇ بولدۇم، ئەمما دەسلەپكى ئايلاردا تىل ئۆتكىلى ئالدىمدىكى ئېغىر توساق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چۈشىنەلمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

راست، كېلىپ ئىككى ئاي بولغاندىغۇ دەيمەن، بىر كۈنى شەھەر مەركىزىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، تۇيۇقسىز كۆزۈم"ئىندىئان رېستورانى" دېگەن ۋىۋىسكىغا چۈشۈپ قالدىدە، ئىختىيارسىز رېستورانغا كىرىپ كەلدىم، كۈتكۈچى قىز خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئالدىمغا كەلدى، مەن ئۇلارنىڭ تاماق تىزىمىنى قولۇمغا ئېلىپ ئەڭ ئەرزان قورۇمىدىن بىرنى كۆرسەتتىم، ئۇ بىر ئىستاكان سۇ بىلەن بىر دانە قەغەز سالفەتكىنى ئالدىمغا ئەپكېلىپ بەردى ـ دە، ھايال ئۆتمەي، بىر تەخسە ئۇۋۇتۇلغان قوناقنى ئەپكېلىپ بەردى، بۇ سۇدا پىشۇرۇلغان قوناق بولۇپ پەممىچە يېرىم باش قوناق بولسا كېرەك، ئۇنى يېگەن چېغىمدا ئۇرۇمچى

UnRegistered

كوچىلىرىدا تۇڭگانلار ۋېلسىپىت بىلەن ۋارقىراپ يۈرۈپ ساتىدىغان ئىسسىق كۆكۋاشلار ئېسىمگە كەلدى، ئەمما بۇ قوناقنىڭ تەمى ئۇنىڭغا ھەرگىز يەتمەيتتى! چۈستىن كېيىن بولغاچ، رېستوراندا باشقا خېرىدار يوق ئىدى، مېنىڭ خىيال بىلەن ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بولسا كېرەك، كۈتكۈچى قىز مەندىن سورىدى "تامىقىمىز تېتىدىمۇ؟" مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم "ئەلۋەتتە بەك مەزىلىك بولۇپتۇ!" مەن باللار ئىشلىتىدىغان "مېزىلىك" دېگەن سۆزنى ئىشلەتتىم. ئۇ مېنىڭ چەت ئەللىك ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالدى ـ دە، ماڭا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى "رەھمەت، دائىم كېلىپ تۇرۇڭ!" "بولىدۇ، پۇرسەت بولسىلا!" ئەمما تامىقى قىممەت بۇ رەستورانغا ئەمدى كېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىكار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قىزىقىشىمنى باسالماي سورىدىم "سىز ئىندىئانمۇ؟" ئۇ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن جاۋاب بەردى "مەن مېكسىكىلىق، ئەجداتلىرىمىز ئىندىئان بولسا كېرەك. "بۇغداي ئۆڭلۈك بۇ قىز ماڭا شۇنداق جاۋاب بەردى. "خوجايىنىڭلارچۇ، ئۇمۇ مېكسىكىلىقمۇ؟ "شۇنداق. ئۇمۇ مېكسىكىلىق ..." "سىلەر قايسى تىلنى ئىشلىتىسىلەر؟" "بىز ئىسپان تىلنى ئىشلىتىمىز، باشقىلار بىزنى "سپانىشلار" دەيدۇ، ئەمما بىز ياۋروپادىكى ئىسپانلارغا ئوخشىمايمىز." ئۇ توغرا دەۋاتاتتى بۇ قىزدا ياۋروپا ئىرقىغا تەئەللۇق ھېچقانداق ئىزنا يوق ئىدى، بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى چوڭ، بۇرنى سەل ياپىلاق كەلگەن بۇ قىز ۋەتىنىمىزدىكى موڭغۇللارنى ئەسلىتەتتى. "خوجايىنىڭلار ئىندىئان تىلنى بىلەمدۇ؟"

"بىلمىسە كېرەك،ئۇ دائىم ئىسپان تىلىدا سۆزلەيدۇ، خېرىدارلارغا ئىنگلىز تىلىدا

سۆزلەيمز" . ئەمدى ئارتۇق سوئال سورىشمنىڭ ئورنى قالمغان ئدى . ئامېرىكا قىتئەسدىكى شانلق "مايامى مەدەنيىتى"نى ياراتقان بۇ يەرلىك خەلق ئۆز ئانا تىلنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئدى!

ھەقىقى ئىندىئان مەدەنيىتى بىلەن تونۇشۇش پۇرستىگە مەن قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە ئېرىشتىم .

**12** ـ ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى مەكتەپ "مىلاد بايرىمى" ۋە "يېڭى يىل" مۇناسىۋىتى بىلەن **20** كۈنلۈك تەتىلگە قويۇپ بەردى ، ۋاشىنگتوندىكى قېرىنداشلىرىمنىڭ قانىدىق تۇرۇۋېلىشى بىلەن مەن ۋاشىنگتونغا دەم ئېلىشقا باردىم ، يېڭى يىلنى ئۆتكۈزۈپلا ، ئۇلارنىڭ رەنجىشىگە قارىماستىن ، مېھماندارچىلىقلارنى رەت قىلدىم ـ دە ، بىر ھەپتە ۋاقتىمنى مۇزېيلارنى كۆرۈشكە ئاجراتتىم ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇراتتىم ـ دە ، مېتروغا ئولتۇرۇپ ، مۇزېيلارنىڭ ئېچىلىشىغا ئۈلگۈرۈپ ، شەھەر مەركىزىگە كېلەتتىم ، تاكى چۈشتىن كېيىن سائەت **5** بولغىچە مۇزېي ئارىلاپ كەچتە ھەدەم كىشتىن چۈشكەندە مېترو بىلەن ئۆيگە قايتاتتىم .

مۇزېيلارنىڭ ھەممىسى ھەقسىز بولۇپ ، كاپىتول خولل ئەتراپىدا ئىدى ، "ئامېرىكا تارىخى مۇزېيى"ـ "ئالەم قاتنىشى مۇزېيى" "سەنئەت مۇزېيى" "ئۆسۈملۈك باغچىسى" "لىنكولىن خاتىرە ئۆيى" قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە باردىم ، ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى يەنىلا "ئىندىئانلار مۇزېيى" بولدى ، بۇ مۇزېي ئەسلى "ئامېرىكا تارىخى مۇزېيى" بىلەن بىللە بولۇپ ، **2004** ـ يىلى **7** ـ ئايدا ئايرىلىپ چىقىپ مەخسۇس بىر بىنا سېلىنغان ئىكەن . مەن مانا مۇشۇ جايدىلا

UnRegistered

ئۆزۈم ھەققى ئارزۇ قىلغان ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ تارىخى، تۇرمۇش ئادىتى، ئەتىقاد ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشتۇم دېيىشىم كېرەك، ئەمما تىل جەھەتتىكى قولايسىزلىقلار مېنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمگە توسالغۇ بولدى دېسەممۇ بولىدۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مەن يەنىلا ئۆزۈمنى قىيناپ كەلگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى بۇ يەردىن تاپقان بولدۇم.

مۇزېي تۆت قەۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ سىرقى ھالىتى سىزگە تاغ ئارىسىدىكى قىيا تاشلارنى ئەسلىتەتتى، مۇزېي ئالدىدا قومۇشلار بىلەن ئورالغان بىر كۆلچەك بولۇپ، كۆلچەكتە ياۋا ئۆردەكلەر ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى (دەسلەپ كەلگىنىمدە بۇ ئۆردەكلەرنى ئۆي ئۆردەكلىرىمىكىن دېگەن ئىدىم، ئەمما بىر كۈنى مۇزېي تاقالغان چاغدا، بۇ ئۆردەكلەرنىڭ توپ ـ توپى بىلەن ئەتراپتىكى قارىغايلار ۋە ئىگىز بىنالار ئۈستىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، بۇلار ئەسلى ياۋا ئۆردەكلەر ئىكەن ئەمەسمۇ! بۇ ئۆردەكلەر شەھەر مۇھىتىغا ئوبدانلا ماسلاشقان ئىدى.

مۇزېينىڭ 1 ـ قەۋىتى ۋە 3 ـ قەۋىتىدە كىنوخانا بولۇپ، بۇ جايدا ئىندىئانلارغا ئائىت فىلىملەر ھەقسىز قويۇلىدىكەن؛ 2 ـ قەۋىتىدە كۇتۇپخانا بولۇپ، ئىندىئانلارغا ئائىت بارلىق يازما ۋە ئېلېكترونلۇق قوللانمىلارنى بۇ جايدىن كۆرۈش مۇمكىن ئىكەن؛ 2 ـ قەۋەتنىڭ يېرىمى ۋە 4 ـ قەۋەتتە مەخسۇس ئىندىئانلارغا ئائىت ماددى بۇيۇملار ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان سىنالغۇ فىلىملىرى قويۇلىدىغان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆز ۋاقتىدا قانلىق قىرغىن قىلغان، رەھىمسىزلىك بىلەن

UnRegistered

مۇنبەت زېمىنلىرىنى تارتىۋالغان،ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ كىشىلەرگە ئالاھىدە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

خوش سابا، مېنىڭ ئويلىغانلىرىم تولىمۇ جىق ئىدى، ئەمما بۇ يەردە بۇلار ھەققىدە يەنە داۋاملىق سۆزلىگۈم كەلمىدى!

12 ـ

سالام سابا،

خېلى بولدى ئالدىراش بولغاچقا سىزگە خەت يازالمىدىم. مانا بۈگۈن ئۆتكەندە باشلىغان ئىندىئانلار ھەققىدىكى بايانىمنى داۋاملاشتۇرماقچىمەن.

ھەر يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ "تھاكس گىۋىڭ" دەيدىغان بىر بايرىمى بولۇپ، مەنىسى "تەشەككۈر بايرىمى" دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ بايرام ئامېرىكا ھۆكۈمەت بايرىمى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەكتەپ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا 3 كۈن دەم ئېلىش بېرىلىدۇ، بۇ كۈنى ھەممە ئائىلىلەردە "كۈركە توخو" يېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ بايرام ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ يەرلىك ئىندىئانلارغا بولغان "ناماقۇللۇق كۈنى" دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ھېلىمۇ ئېسىمدە 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىر ئامېرىكىلىق ساۋاقدىشىمىز بىزنى ئۆيىگە "كۈركە توخو" يېيىشكە چاقىردى، داستىخان ئۈستىدە بۇ بايرام توغرىلىق گەپ بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ بايرام توغرىلىق توختىلىپ "ۋلۇمبۇ ئامېرىكىغا تۇنجى كەلگىنىدە، ئۇلارنى ئاچارچىلىق ئازابىدىن ئىندىئانلار قۇتقۇزۇپ قالغان ئىكەن،

UnRegistered

ـ بوۋىلىرىمىز يەرلىك خەلقنىڭ قىرغىن كۆتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ئۆلارنىڭ ياردىمىدە هاياتلىقىقا ئېرىشكەن، بىز بۇ كۈننى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز!" ئۇ بىز چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: "بىزنىڭ بۇ يەردە ئېرىشكەن بارلىقىمىز ئەڭ ئاۋال ئەشۇ يەرلىك خەلق ئىندىئانلارغا تەۋە، كۆچمەنلەر ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ!..." ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەر يىلى بۇ كۈننى قانداق دەبدەبىلىك خاتىرىلەيدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنى بۈگۈنكى بەختكە ئېرىشتۈرگەن يەرلىك خەلققە بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقى... ئەيتاۋۇر ئۇ ... ـ بوۋىلىرى بولغان ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ ئىندىئانلارغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئەڭ گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەۋاتاتتى... ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئىچىم پۇشۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇشقا باشلىدىم، ئۇ سۆزىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىندىئانلارغا بولغان تەشەككۈرىنىلا سۆزلەيتتى، ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ يەرلىك ئاھالىلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئاجايىپ زوق بىلەن بايان قىلاتتى، ئەمما 200 يىل بۇرۇن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىندىئانلارنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلغىنى ھەققىدە بولسا زادىلا توختالمايتتى! ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگىنىمنى ئۇنتۇغان بولسام كېرەك، ئۇنىڭدىن شۇنداق سورىدىم "ياۋروپا كۆچمەنلىرى يەنى سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلار ئىندىئانلارغا راستلا ئەشۇنداق دوستانە مۇئامىلىدە بولغانمىدى؟" ئۇ ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن ماڭا قارىدى "ئەلۋەتتە، كېيىنكى چاغلاردا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىلەن ئىندىئانلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشلەر بولغان، جېكسون دەۋرىدە "تىنچلىق كەلىشىمى" ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن دوستانە ئۆتۈۋاتىمىز، مانا ھازىر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەر يىلى ئىندىئانلارغا تۆلەم پۇلى بېرىدۇ". ئۇ

Unregistered

قۇۋلۇق بىلەن ماڭا قاراپ قويدى، بۇ نازۇك تېمىدىن ئۇ ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى، شۇندىن كېيىن ئىندىئانلار ھەققىدە گەپ بولۇنمىدى.

ۋاشىنگىتونغا بارغىنىمدىن كېيىن، "ئىندىئانلار مۇزېيى"دا مەن ئەينى يىللاردىكى ياۋروپا كۆچمەنلىرى بىلەن ئىندىئانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تولۇق ماتېرىياللارغا ئېرىشتىم.

ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەرلىك قەبىلىلەر ئەسلى 500 دىن ئاشىدىغان بولۇپ 1492 ـ يىلى ولۇمبۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ زېمىنغا قەدەم باسقىنىدا بۇ يەردىكى ئۆزگىچە ئاجايىپ مەدەنىيەت، مول بايلىق، بولۇپمۇ يەرلىك كىشلەردىكى تەبىئىدىشى يوق مېھماندوسلۇق ئۇلارنى قاتتىق تەسرلەندۇرگەن. ئەنە شۇندىن كېيىن ياۋروپالىقلار بۇ زېمىنغا توپ ـ توپى بىلەن كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زىديەتمۇ كۆچىيىپ بارغان، ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رەھىمسىز ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.18 ـ ئەسرگە كەلگىندە بۇ ئۇرۇش ئەۋجگە چىققان. ئەسلىدىكى 500 قەبىلىدىن بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۈچىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالالىغانلاردىن ئىروقۇئوئىس، سەمنولەس، شاۋنەئە، ناۋاجو، لاكوتا سئوئوخ ۋە چەيەننە قەبىلىسىدىن ئىبارەت 6 چوڭ قەبىلە قالغان بولۇپ، ئاندەرەۋ جاكسون (7 ـ نوۋەتلىك پرېزىدېنت، 1829 ـ 1837) دەۋرگە كەلگەندە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇلار بىلەن تىنچلىق كېلىشمى ئىمزالىغان. ئەمما ئوتتۇرىدىكى زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرى داۋاملىق بولۇپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ 6 قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا زىددىيەتلەر كۈچىيىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كۈچى بارغانچە ئاجىزلاشقان،19 ـ ئەسرگە قەدەم قويغىنىدا بولسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاس مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ ئاخىرقى ھېساباتا كۆچمەنلەر ئېلىپ كەلگەن ياۋروپا

Unregistered

مەدەنىيىتى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشقا قەدەم قويغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ھاس مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقالغان. ئۇلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر پەقەت مۇزېيخانىلاردىلا ساقلىنىپ قالغان.

ئىندىئانلار ھەققىدىكى بۇ خاتىرىلەر بىزگە بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئامىل يەنىلا دەۋرگە ماسلىشىش، ئۆز مىللىي خاسلىقىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا يېڭىچە مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىگە خاس تەرەققىياتقا ئېرىشىش كېرەكمۇ؟ دېگەن قانۇنىيەتنى كۆرسىتىپ بېرەمدۇ قانداق؟...

خوش سابا، مېنىڭ ئىندىئانلار ھەققىدىكى بايانىم مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ئامان بولۇڭ.

لالە

- 13

## ئامېرىكىدا چەكلەنگەن سۆز

سابا، بۈگۈنكى خېتىمدە ئامېرىكىدىكى "ئىرقىي كەمسىتىش"كە قارشى قانۇنى ھەققىدە توختالماقچىمەن.

شۇ كۈنى ۋاشىنگتون داللاس ئايرودرومىدا چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولۇپ، كۈتۈۋېلىش زالىغا چىققىنىمدا، ئالدىمغا چىقماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمنى ئۇچرىتالماي تولىمۇ تىت - تىت بولدۇم. ئېغىر يۈك - تاقلىرىمنى ئالالماي تۇرغىنىمدا، بىر "نېگىر"ناھايىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن ماڭا قارىدى - "ياردىمىم لازىممۇ؟" دەپ سورىدى، مەن مىننەتدارلىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ يۈكلىرىمنى سۈپىدىن ئېلىپ، يۈك توشۇش ھارۋىسىغا سالدى.

UnRegistered

"رەھمەت" مەن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم، "سىزگە ياردەم بېرەلىگىنىمدىن خۇشالمەن!" ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن قولۇمنى مەھكەم سىقىپ مەن بىلەن خوشلاشتى. يۈكلىرىمنى ئىتتىرىپ چىقىش ئىشىكىگە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا قېرىنداشلىرىم ئۇچرىدى!

قۇچاغلىشىپ قىزغىن كۆرۈشۈشتىن كېيىن، مەن بايا ماڭا ياردەم بەرگەن كىشىنى كۆرسىتىپ "ئاۋۇ نېگىر ماڭا ياردەم قىلدى، ھېلىمۇ شۇ كىشى ئۇچراپ قالدى..." گېپىم تېخى ئاياقلاشماستىنلا، قېرىنداشلىرىم تەئەججۇپ بىلەن ماڭا قارىدى، "ئاستاراق، ئۇ كىشى ئاڭلاپ قالمىسۇن!" مەن شۇ زامات خاتا گەپ قىلغىنىمنى ھىس قىلدىم، ھېلىمۇ بەختىمگە يارىشا ماڭا ياردەمدە بولغان كىشى يىراقتا بولۇپ، ئۇ ماڭا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ »خوش« دېگەن ئىشارەتنى قىلىۋاتاتتى، مەنمۇ جاۋابەن قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. ئۆيگە كېتىۋاتقان يولدا ھەدەم ماڭا چۈشەندۈردى. "بۇ جايدا "نېگىر"دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش چەكلەنگەن، ئۇلارنى "ئافرىقا ئامېرىكان" ياكى "قارىلار" دېيىشىڭ كېرەك!" بۇ زېمىنغا قەدەم بېسىپ تۇنجى ئاڭلىغان دەرسىم مۇشۇ بولدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مەن ئامېرىكىدا ئىرقىي كەمسىتىش تۇسىنى ئالغان ھەرقانداق سۆزنى قىلىش قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بارغانچە چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىدىم.

ئامېرىكىدا "نېگىر" دېگەن سۆز تۇس مەنىسى جەھەتتىن "قۇل" "دېدەك"

دىگەننى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بۇ سۆزنى ئىشلىتىشى قاتتىق چەكلەنگەن ئىكەن، كىشىلەر ئادەتتە "ئافرىيان ئامەرىكان" دىگەن سۆزنى ئىشلىتىدىكەن، "قارىلار" "رەڭلىكلەر" دىگەندەك ئوخشاش سۆزلەرنىمۇ كەمدىن ـ كەم ئىشلىتىدىكەن.

ئامېرىكىدا "ئىرقىي كەمسىتىش"كە قارشى كۈرەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ئەۋجىگە چىققان ۋە قارا تەنلىكلەر داھىسى مارتىن لۇتھەر كىڭ 0 (1929 ـ 1968)نىڭ رەھبەرلىكىدە 1964 ـ يىلى غەلىبىگە ئېرىشىپ، شۇ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئەرپىيدىن جامائەت سورۇنلىرىدا، مائارىپتا، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىرقىي كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدىغانلىقى قانۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن.

ئامېرىكىدا ھەر يىلى 2 ـ ئاي "ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تەشۋىقات ئېيى" قىلىپ بەلگىلەنگەن بولۇ " 2 ـ ئاي مەزگىلىدە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئامېرىكا تارىخىدىكى ئىرقىي كەمسىتىش كۈرىشىدىكى داھىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى سۆزلىنىدىكەن؛ "ئافرىيان ئامەرىيان" لارنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئۇلاردىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر، خەلق سەنئەتكارلىرى، تەنھەرىكەت چولپانلىرى تونۇشتۇرۇلغان فىلىملەر قويۇلىدىكەن؛ ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى لېكسىيىلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدىكەن.

2 ـ ئاي مەزگىلىدە يەنە "كۆچمەنلەر مەدەنىيىتى" ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ئايدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشايدىغان ئوخشىمىغان ئىرق،

UnRegistered

ئوخشىمىغان تىل، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ــ مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلىدىكەن.

بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن مەن بۇ زېمىندا كىشىلەر ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنىڭ ھەر ھالدا قانۇن جەھەتتىن بولسىمۇ قوغدىلىدىغانلىقىنى، گەرچە ئايرىم كىشىلەردە يەنىلا "ئىرقىي كەمسىتىش" قاراشلىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچ بولمىغاندا جامائەت سورۇنلىرىدا بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

خوش سابا، بۈگۈن مۇشۇنىچىلىك يازاي.

ئامان بولۇڭ.

لالە

**14 ـ**

**زىيادە تۇرمۇش بېسىمى، مۇكەممەل قانۇن ۋە سېمىزلىك**

سالام سابا،

UnRegistered

ئۇچقاندەك تېز تۇرمۇش رىتمى، ئامېرىكىلىقلارنى ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان، تىرىشچان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەن. سىز بۇ يەردە ھەممىلا كىشىنىڭ ئىنتايىن ئالدىراش يۈرگىنىنى كۆرىسىز. قاچانلا قارىسىڭىز شۇ ئالدىراش كىشىلەر. ھەممەيلەن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراپلا يۈرۈشكەن، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق! ھەممىلا ئادەمنىڭ ئالدىرىشىنىڭ سەۋەبى بار. كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلىشىدۇ. ئامېرىكىدا 70 ياشلىق بوۋاي ـ مومايلارنىڭ خىزمەت قىلىشى كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرمەيدۇ.

دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىمدا كوچا ئاپتوبۇسى ھەيدەپ يۈرۈشكەن ياشانغان بوۋاي ـ مومايلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدىم. ۋەتەندە بۇ ياشقا كىرگەن ياشانغان كىشىلەر دەم ئېلىشقا چىققان بولىدۇ. مومايلار توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، بەزى ياشانغان ئانىلار نەۋرە بېقىش بىلەن ئالدىراش؛ بوۋايلار دوقمۇشلاردا يىغىلىپ شاھمات ئوينىشىدۇ، ئىشىك ئالدىغا قويۇلغان ياغاچ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشۇپ ئەڭ قوراملىق قۇرداشلىرى بىلەن جاھان پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كېتىشىدۇ...

ئەمما بۇ يەردە بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ بىرىمۇ يوق! كىشىلەر ئالدىراش، ئالدى... يەنىلا ئالدىراش ھالەتتە ئۆتۈشىدۇ.

مەن ھەر كۈنى كەچلىكى ئاپتوبۇستا ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگىچە، بىر كۈنلۈك جاپالىق خىزمەتنى تۈگىتىپ ئۆيگە يانغان كىشىلەرنى دائىم كۆرىمەن. ئاخىرقى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىغان كىشىلەر 20چە ئادەم بولۇپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سالاملىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. يوئۇل ئەشۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ھەر كۈنى

UnRegistered

ئاپتوبۇس بېكىتىگە ۋېلسىپىتنى مىنىپ كەلەتتى ـ دە، ۋېلسىپىتنى ئاپتوبۇس ئالدىغا ئېسىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆدۆل مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئولتۇراتتى.

دەسلەپكى كۈنلەردە مېنى كۆرگىنىدە كۈلۈپ تۇرۇپ ئەھۋال سورايدىغان بۇ بوۋاي مانا ئەمدى مېنىڭ يېقىن دوستۇمغا ئايلانغان ئىدى. تاكى ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغىچە ئۇ توختىماي سۆزلەپ باراتتى، ئۆزى ھەققىدە، ئاپتوبۇستىكى باشقىلار ھەققىدە، ۋەزىيەت ھەققىدە. . . ئىشقىلىپ ئۇ ماڭا ئامېرىكا جەمئىيتى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، بۇ مەن ئۈچۈن ئامېرىكا جەمئىيتىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەت دېسەممۇ بولاتتى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ ئەسلى ھوللىۋۇتنىڭ سېنارىيە يازغۇچىسى بولۇپ،16 پارچە كىنو سىنارىيىسى يازغان ھەم بەزىلىرى كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن ئىكەن، 85 ياشقا كىرگەن بۇ بوۋاي تولىمۇ تېتىك بولۇپ، ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ بۇلارنى ماڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىدا مېنىڭ ھەيران قالغان ھالىتىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ـ "ئامېرىكىدا بۇ نورمال ئىش، مەندەك بوۋايلار بەك جىق. ياشلىقىمدا شېئىر يازىدىغان بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەن ئىدىم، كېيىن ئۇ باشقا بىرى بىلەن توي قىلىۋالدى، شۇندىن بۇيان يالغۇز ئۆتۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن يازغۇچى بولۇپ كەتتىم دېسەممۇ بولىدۇ. بۇلتۇر ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، مەن ھازىر ئۇنىڭغا ئاتىغان كىنو سېنارىيەسىنى يېزىۋاتىمەن." ئۇنىڭ شۇ كۈنى ئۆزى ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن بۇ ھېكايىسى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى قوزغىغان ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئاپتوبۇستا ئۇنى ئۇچرىتالمىسام بۇ بوۋاينى ئىزدەيدىغان، ئۇنى ئاغرىپ قالمىغان بولغىيدى دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. مەنلا ئەمەس ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا بۇ بوۋاينى ئۇچرىتالمىغان كۈنى ئۆزئارا ئۇنى سۈرۈشتە قىلىشاتتى، بىر كۈنى شوپۇر ئۇ بوۋاينىڭ ئاپتوبۇسقا

چىقمىغىنىنى كۆرۈپ 10 مىنۇت ساقلاپ ئاخىر ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ماڭغان ئىدى. ھەر كۈنى شەھەرلىك كۆتۈپخانىغا كېلىپ يېزىقچىلىق قىلىدىغان بۇ بوۋاينى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسلا ھۆرمەتلەيتتى. مانا بۇ بوۋاي مېنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى زىيادە تېز تۇرمۇش رىتمى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن تۇرمۇش بېسىمى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان، بىر قاتار ئىجتىمائى مەسىلىلەر ھەققىدىكى سوئاللىرىمغا ئەڭ ياخشى جاۋاب بەرگەن كىشى بولدى. ھەر كۈنى ئاپتوبۇسقا ناھايىتى سېمىزلىكىدىن ئارانلا ماڭىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بى كىشى چىقىدىغان بولۇپ، بىر كۈنى پوئۇل ماڭا بۇ كىشىنىڭ 10 يىل ئىلگىرى سودىدا قاتتىق زىيان تارتىپ شىركىتى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، توختىماي يېيىشتەك يامان ئادىتى سەۋەبلىك سەمرىشكە باشلاپ، مانا ھازىرقىدەك ھالەتكە كېلىپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردى. مەن كاللامدىن ئۆتمىگەن ھالدا "توختىماي تاماق يېيىشتىن باشقا يول تېپىلمىغانمىدۇ؟" سورىغىنىمدا، پوئۇل جاۋاب بېرىپ "بۇ يەردە ئەڭ ئېغىر مەسىلە، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا كۆڭۈل ئېيتىشىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان تۇرمۇش ئادىتى يوق، ھەممىلا كىشى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، كىشىلەردىكى مۇستەقىللىق خاھىشى بەك كۈچلۈك؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇن بەك مۇكەممەل تۈزۈلگەن، ھەممە ئىشنىڭ قانۇن كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. بولۇشىغا ھاراق ئىچىپ، ھاراق ئارقىلىق روھىي جەھەتتىكى بېسىمنى ئازايتىشقا قانۇن يول قويمايدۇ؛ جېدەل چىقىرىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ؛ ئەر ـ ھوتۇنلار ئۇرۇشۇپ قالغاندا ئەگەر ئېرى ئايالىنى ئۇرسا ئايالى ساقچىغا خەۋەر قىلسىلا، ساقچى ئۇ ئەرنى سولاپ قويىدۇ؛ باللارنى تىللاشقا، ئۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، مەكتەپلەردە باللارغا ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار سىلەرنىڭ ھوقۇقۇڭلارغا دەخلى قىلسا، ئەرز

قىلساڭلار بولىدۇ دەپ ئۆگىتىدۇ، قانۇن بەك مۇكەممەل بولۇپ، سىز قانۇن ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى قوغدىيالايسىز؛ شۇنداقلا قانۇن سىزنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە چەك قويۇلغان بولىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشىغان كىشىلەردە مۇستەقىللىق ئىدىيىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، ئاسانلىقچە باشقىلاردىن ياردەم سورىمايدۇ، ھەممىلا ئىشتا ئۆزىگە تايىنىدۇ؛ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغىنىدىمۇ ئامال بار ئۆزى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ، ھەل قىلالمىغىنىدا بولسا ئېغىر روھىي بېسىمدا قالىدۇ، نەتىجىدە بەزىلەردە ئۆزىدىكى مۇشۇ خىل روھىي بېسىمنى ئازايتىش مەقسىتىدە توختىماي بىر نەرسىلەرنى يېيىش ئادىتى شەكىللىنىدۇ."

پوئۇل توغرا دەيتتى، ئامېرىكىدا زىيادە سەمرىپ كەتكەن كىشىلەر ناھايىتى جىق بولۇپ، تۇرمۇش ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل بېسىملار ئۇلارنى جىمغۇر، كىشىلەرگە ئارىلاشماي يالغۇز ياشايدىغان، بوزەك‌تۇملۇق ئىچىدە پىسخىك جەھەتتە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. مېنىڭ قوشنام جولىيانى ئاشۇنداق كىشىلەردىن دېيىشكە بولاتتى، بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا ـ : ـ ئانىسى تۇرمۇشتا ئىناق ئۆتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ئائىلىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ سۇسلاپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى قېتىملىق بەختسىز نىكاھ ـ تۇرمۇشى ئۇنى ئۆزىدىن ئەنسىرەيدىغان، باشقىلارنىڭ دوسلۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغان، شۇ سەۋەبلىك يالغۇزلۇقتىن زىيادە قورقىدىغان قىلىپ قويغان ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىنىڭىزدا سىزگە سۆزلەش نۆۋىتى تەگمەيتتى، ئۇ توختىماي سۆزلەشكە ئامراق بولۇپ، سىزگە ئىلگىرى دەپ بەرگەن ئىشلارنى قايتىلاپ سۆزلەۋېرەتتى، باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە ئائىت ئىشلارغا بەك قىزىقاتتى؛ قورسىقىغا ئامراق بولۇپ توختىماي بىر نەرسە يېيىش

Unregistered

ئادىتى بار ئىدى، ھەربىكەت قىلغۇسى كەلمەيتتى، شۇڭا زىيادە سېمىز بولۇپ، ھەرىكىتى قولايسىز ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە باشقا ئامېرىكىلىقلاردىن ئۆزگىچە بولغان ئاقكۆڭۈللۈك ھەم قىزغىنلىقمۇ بار، ئۇ قولىدىن كېلىشىچە سىزگە ياردەم قىلىدۇ، شۇنداقلا سىزدىن زىيادە ياردەمنىمۇ تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، باشقىلارغا تايىنىۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ سىزنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىڭىزغا سىڭىپ كىرىشنى، سىزنى كونترول قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى... ئۇنىڭدىكى بۇ خىل زىيادە يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى كېيىنكى چاغلاردا مېنى بەكلا بىئارام قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا ئۇنىڭ يېنىمغا كىرىپ توختىماي سۆزلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆيگە كېچىكىپ كېلىدىغان، تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۆيۈمگە كىرىپ ئىشكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ كىتاب كۆرىدىغان بولۇۋالغان ئىدىم، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئىشكنى توختىماي چېكىپ ئاخىرى سۆزلىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا ئىچىممۇ ئاغرىپ قالاتتى-دە ئىشىنى تاشلاپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولاتتىم.

ئامېرىكىدىكى زىيادە تېز بولغان تۇرمۇش رىتىمى، كىشىلەردىكى ھەممە ئىشتا ئۆزىگە تايىنىشتەك مۇستەقىللىق قارىشى، مۇكەممەل تۈزۈلگەن قانۇن ۋە ئۇنىڭغا شەرتسىز رائىيە قىلىشتەك كۈچلۈك قانۇن ئېڭى ئامېرىكىنى بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەردە ئېغىر روھىي بېسىممۇ پەيدا قىلىپ تۈرلۈك پسىخىك كېسەللەرنى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

سابا، مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى كۆرگىنىمدە، بۇ خىل تۇرمۇش رىتىمى ئىچىدە ئۆلارغا ئوخشاش ئالدىراش يۈرگەن كۈنلىرىمدە ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرىنى،

UnRegistered

ئاقكۆڭۆل دېھقانلىرىمىزنى، پارانغۇمار موماي‌لارنى، مەھەللىدە ئىشىك ئالدىدا خۇشخۇي كۈلۈپ ئولتۇرۇشىدىغان بوۋايلارنى، مۇڭداشقاق دوسلىرىمنى بەكلا سېغىنىمەن.
خوش، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك يازاي، ئامان بولۇڭ.

لالە

ـ 15

**ئامېرىكىلىقلار روھىي بېسىمنى قانداق يېنىكلىتىدۇ؟**

سالام سابا:

ئۆتكەنكى خېتىمدە ئامېرىكىدىكى تولىمۇ تېز بولغان تۇرمۇش رېتىمىنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي بېسىملىرى ۋە بۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بەزى ئاقىۋەتلەر ھەققىدە توختالغان ئىدىم.

توغرا، كۆپلىگەن ئامېرىكىلىقلار دائىم تەكرارلايدىغان بىر سۆز «ۋاقىت ئالدۇندىن قىممەت!» دېگەن ھىكمەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاقىتنى قەدىرلىشى ۋە تىرىشچانلىقى ھەرگىزمۇ ياپونىيىلىكلەردىن كەم ئەمەس! ئەمما ئۇلارنىڭ ياپونلۇقلاردىن پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇلار خىزمەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەن، ئۇلار خىزمەت قىلغاندا شۇنچە قېتىرقىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلىگەن، ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلمىغان بولسا، ئويۇنغا، كۆڭۈل ئېچىشقا كەلگەندىمۇ شۇنچىلىك بېرىلىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىشنى، ئازادە مۇھىت يارىتىپ، ئېچىلىپ ئويناشنى بىلىدۇ.

مەن بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىم ئۆكتەبىر ئېيى مەزگىلى بولۇپ، شۇ

ئايدىلا ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرغان بىرنەچچە قېتىملىق "پارتىي" (ھەپتە ئاخىرىدىكى يىغىلىش)ۋە فاكۇلتېت تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرغان كۆزلۈك "پىنى" (دالا سەيلىسى) پائالىيىتىگە قاتناشتىم، دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىم بولغاچقا، بۇ پائالىيەتلەر ماڭا ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر بەرگەن ئىدى، "پارتىي"دا ئوقۇغۇچىلار شۇنچىلىك ئېچىلىپ يېيىلىپ ئوينىشاتتى. ئۇلارنىڭ يۇمۇرلۇق، ئەركىن ئازادە پاراڭلىرىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى **10** نەچچە سائەتلەپ ئۆگىنىش قىلىدىغان ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە رېستورانلاردا جاپالىق ئىشلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن ئەڭ يېقىن ئۆتكەن ئاسپىرانتلار بولۇپ، ئۇلار شۇنچىلىك تىرىشچان ئىدى، ھەر سائەتلىك دەرستىن چۈشىدىغان چاغدا گ ئەپەندى ئۇلارغا خېلى چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ كېلىشنى تاپشۇراتتى، كېيىنكى سائەتلىك دەرسنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن قىزغىن مۇنازىرە كەيپىياتى ئىچىدە داۋاملىشاتتى، جىممىدە ئولتۇرۇشقا يول قويۇلمايتتى، ھەممىلا كىشى پىكىر بايان قىلىشاتتى، ھېچكىمنىڭمۇ جىم ئولتۇرۇۋېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى، دەرستىن چۈشكەن چاغلاردا بولسا، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ ۋاقىتلىرى كۇتۇپخانىدا ئۆتەتتى، بەزىلىرى تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن سائەتلىك ئىش تېپىپ ئىشلەيتتى. بىر قېتىملىق "پارتىي"دا مەن ئەركىتىن سورىدىم: "سىلەر دائىم مۇشۇنداق يىغىلىش قىلىپ تۇرامسىلەر؟" "شۇنداق، پۇرسەت بولسىلا يىغىلىپ تۇرىمىز، بولمىسا زىيادە چارچاشقا روھىي جەھەتتىن بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ!"

ئۇ توغرا دەيتتى، ۋاقىت ئىككى تولىمۇ يۇقىرى بولغان، خىزمەتتە بىخەستەلىك

Unregistered

قىلمايدىغان تىرىشچان ئامېرىكىلىقلار كۆڭۈل ئېچىش، دەم ئېلىشقىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. مەن تۇرغان شەھەر ئىندىئانا شتاتىدىكى كىچىككىنە بىر شەھەر بولۇپ، بۇ يەردە يەكشەنبە كۈنى ئاپتوبۇس قاتنىمايتتى. دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىمدا بۇ ئىش ماڭا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلغان ئىدى، چۈنكى ۋەتەندە يەكشەنبە كۈنى بازار كۈنى بولۇپ، بازار ئاۋات بولۇپ كېتەتتى، كوچا ئاپتوبۇسلىرى ئادەتتىكى كۈنلەردىن كۆپىيىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتۇق، ئەمما بۇ يەردە يەكشەنبە كۈنى كىشىلەر ئاساسەن ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولىدىغان بولۇپ، ھەممە كىشى ئارام ئالاتتى، چوڭ ماگىزىنلارنى ھىسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلار ئېچىلمايتتى.

كىشىلەر دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، خىرىستىيان مۇرىتلىرى چېركاۋغا بارىدىكەن، ئاتا ـ ئانىلار گۈدەك بالىلىرىنى چېركاۋدىكى "بالىلار پائالىيەت ئۆيى"گە قويۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئۆز قىزىقىشى بويىچە چېركاۋدا ئۆتكۈزىلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىكەن، بىر ھەپتىلىك ئالدىراش خىزمەتتە كۆرۈشەلمىگەن دوستلار چېركاۋدا كۆرۈشىدىكەن، ياشانغان كىشىلەر چېكاۋدا ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىدىكەن؛ ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا بارىدىكەن، جۈمە نامىزىنى ئاساسەن مەسچىتتە ئۆتەيدىغان بولۇپ، مەسچىتكە ئاياللارمۇ بېرىشىدىكەن، ئاياللارنىڭ ئايرىم خانىسى بولۇپ، مۇسۇلمان ئاياللىرى نامازنى ئوقۇپ بولۇشقاندىن كېيىن، مۇشۇ جايدا ھەپتىلىك يىغىلىپ قالغان پاراڭلىرىنى قىلىشىدىكەن. قىسقىسى، چەركاۋ ۋە مەسچىت ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىچىك جەمئىيىتى بولۇپ، كىشىلەر بۇ جايدا ئېغىر خىزمەت بېسىمىنى يېنىكلىتىدىغان

UnRegistered

ھەر خىل پائالىيەتلەردە بولىدىكەن.

چېنىقىشمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بىر تەركىپ. ئامېرىكىلىقلار بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىنى مۇۋاپىق تەقسىمەپ چېنىقىدۇ، بۇ يەردە سىز بىر كۈننىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا يول ياقىسىدا يۈگرەۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىسىز، بۇ يەردىكى چېنىقىش ۋەتەندە ئادەتلەنگىنىمىزدەك ھەر كۈنى سەھەردىلا ئەمەس، بەلكىم 24 سائەت ئىچىدىكى ھەرقانداق چاغدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەيلى ئەتىگەن بولسۇن، چۈش بولسۇن، كەچقۇرۇن، ھەتتا يېرىم كېچىلەردە بولسۇن، سىز تۈرلۈك چېنىقىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنى ھەر جايدا ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن.

شەكلى ئۆزگەرگەن كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ئامېرىكىلىقلار تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. ئامېرىكىدا كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىگە ئاساسەن تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تاللىۋېلىشقان بولىدۇ.

مەسىلەن، قىسقا مۇددەتلىك ساياھەتكە چىقىش؛ باھار ۋە ياز مەزگىلىدە يازلىق "پىنى" قا چىقىش، تومۇزدا دېڭىز بويلىرى ياكى كۆللەردە "سۇ ئۈزۈش"، كۈزدە كۈزلۈك "پىنى"قا چىقىش؛ قىشتا "قىشلىق قار تېيىلىش" قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھەركىمنىڭ ئۆز تۇرمۇش شارائىتىغا يارىشا تاللىۋالىدىغان دەم ئېلىش ئۇسۇلىدۇر؛ پۇلى جىقراق كىشىلەر دەم ئېلىش كۈنلىرىنى چەت ئەللەردە ساياھەت قىلىپ كېلىشكە ئاجراتقان بولۇپ، ئامېرىكىلىقلار جاپالىق ئىشلەپ تاپقان پۇلىنى بانكىدا ساقلىمايدۇ، بەلكى

مۇشۇنداق سایاھەت پائالیيەتلىرىگە ئاتىۋەتكەن بولىدۇ.

"قىماردىن تەلىيىنى سىناش"، بۇمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزگىچە روھىي ئازادلىك ئىزدەشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ئامېرىكىدا تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىمار تۈسىنى ئالغان ئىكەن، ھەر ھەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغا "نبا"نىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى، "بوخ مۇسابىقىسى" "پوتبول مۇسابىقىسى"-"زەيتۇن توپ مۇسابىقىسى" "ئات بەيگىسى" "ۋەلسىپىت مۇسابىقىسى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە كىشلەر پۇل تىكىپ ئۆز تەلىيىنى سىنايدىغان "قىمار سورۇنى" دېيىشكە بولىدۇ.

داڭلىق قىمار شەھىرى لاسۋېگاس مۇ ئەمەلىيەتتە كاپىتالىستلارنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، كۆڭۈل ئازادلىكى ئىزدەپ بارىدىغان جايىدىن ئىبارەتتۇر.

ئامېرىكىدا ھەرقانداق مۇزېيلار ھەقسىز بولۇپ، كىشىلەر دەم ئېلىش كۈنلىرى، باللىرىنى ئېلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىشىدۇ، ئامېرىكىدا باللارنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىدىن كۆرە، ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇزېيلاردا، كۇتۇپخانىلاردا، تەبىئەت باغچىلىرى، ئىستىراھەت كۇلۇپلىرىدا ئۆگەنگەنلىرى تېخىمۇ جىق ئىكەن بۇ ئامېرىكا باللىرىنى كىچىكىدىن مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا يېتەكلىگەن، ئۇلار بىلىمنى مەكتەپلەردە بېسىم ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە ئەركىن ھالدا دەم ئېلىش ئىچىدە، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆگىنىدۇ، مانا بۇ نۇقتا ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان نۇقتىلارنىڭ بىرى بولدى.

UnRegistered

قىسقىسى، ئامېرىكىلىقلار رىقابەت ئىچىدىكى تۇرمۇش قايىنىمىدا ئۆزىگە خاس ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىۋالغان بولۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىدىكى روھىي بېسىم ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يېنىكلىتىشكە تىرىشىدىكەن.

سابا، مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم مۇشۇنچىلىك بولدى، بەلكىم بۇلا. ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشتىكى يېتەرلىك ئۆرنەكلەر بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، ئەمما ۋەتىنىدىكى ياش دوستلارنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىنى تونۇشىغا

- تولا ياردىمى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

خوش، ئامان بولۇڭ.

لالە

16 -

سالام سابا،

ئۆزۈن بولدى سىزگە خەت يازالمىدىم. خېتىمنىڭ داۋامىنى ساقلاۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن. ئەمما ئەشۇ تۈگىمەس ئالدىراشچىلىق تۈپەيلىدىن سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم.

مانا بۈگۈنكى خېتىمدىن باشلاپ بۇ يەردىكى ھايات ھەققىدە يازماقچىمەن،

UnRegistered

ئىشىنىمەنكى بۇ سىز ۋە نۇرغۇنلىغان ياش دوستلار قىزىقىۋاتقان ئىشلار بولسا كېرەك.

دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىمدا بۇ يەرنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مۇھىتى، ساپ ھاۋاسى، دەرەخلەر تۈۋىدە كىشىلەردىن قىلچە چۆچۈمەستىن خاتىرجەم تىكىلىپ تۇرىدىغان تىيىنلار مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان، تاش بىلەن قوپۇرۇلغان 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان، قورغان شەكلىدە سېلىنغان ھەيۋەتلىك مەكتەپ بىنالىرى مېنى ھەيرەتتە قالدۇرغان، قاينام ـ تاشقىنلىق ئوقۇش ھاياتى مېنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئىدى...

قىسقىسى، پۈتۈنلەي يېڭى بولغان مۇھىت، يېڭى ھايات، يېڭى كىشىلەر مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان، مېنى ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇغا چۆمدۈرگەن ئىدى.

مانا ھازىر بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ئۇزىرىشىغا، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنىڭ جىقىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ يەردىكى ھاياتقا، بۇ يەردىكى كىشىلەرگە، بۇ يەردىكى تۇرمۇشقا بولغان قارىشىمدا يېڭىچە تۇيغۇلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، ئۇلار ھەققىدە باشقىدىن ئويلىنىشقا، بۇ يەردىكى ھايات، بۇ يەردىكى كىشىلەر ھەققىدە يېڭى تونۇشلارغا، يېڭىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا باشلىدىم.

UnRegistered

بۇ مۇھىتنى چۈشىنىشىمگە ئەڭ چوڭ ياردەم بەرگىنى يەنىلا رازىيە بولدى.

رازىيە، ئۇ مەن بۇ يەرگە كېلىپ ئەڭ بۇرۇن تونۇشقان ئۇيغۇر ئايال. مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىنى بۇ يەردە ئاتىمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئۇ ھەققىدە بۇ يەردە توختىلىپ ئۆلتۈرۈپتىمەن.

ئاۋىستىرالىيەدە 9 يىل تۇرغان ۋە ئۇ يەردە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، بۇ يەرگە كەلگەن رازىيە مەندىن بىرنەچچە ياش چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان ئەڭ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغان ئىدۇق.

كۆرۈنۈشتە مۇلايىم، كەم سۆز، ئويچان كۆرۈنىدىغان ئەمما كەسكىن، قايتماس ئىرادىلىك رازىيە ماڭا بۇ يەردە ياشاش ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى دەرسنى ئۆتتى دېسەم مۇبالىغە بولماس.

"لالە، بۇ يەردە ياشايمەن دېسىڭىز، ئالدى بىلەن مۇستەقىل بولۇشتىن باشلاڭ!"

UnRegistered

مانا بۇ بىز تونۇشۇپ 3 ـ كۈنى ئۈنىڭ ماڭا دېگەن سۆزى. ئۇ ماڭا بۇ يەردىكى بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈردى، دەسلەپكى كۈنلەردىكى تىل بىلمەسلىك قىيىنچىلىقىمدا ياردەمدە بولدى، ئاجايىپ سەممىيلىك، قىزغىنلىق بىلەن ماڭا ياردەم قىلدى، ئەمما دائىم تەكرارلايدىغان سۆزى "مۇستەقىل بولۇڭ، ئۆزىڭىزگە تايىنىڭ!" دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ئۈنىڭ بۇ سۆزىنى دەسلەپ ئاڭلىغان كۈنلىرىمدە راستىنى دېسەم خېلى بىئارام بولدۇم، ئامال بار ئۈنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلماسلىققا تىرىشتىم. ياتاقدىشىم "مە بولسا باشقىچە قىزغىن بولۇپ ئۇ ماڭا ھەممىنى ئېزىپ ئىچۈرمەكچى، يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى، بەزىدە ياردەمنى ئاشۇرۇۋېتىپ مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ياتاققا ئورۇنلىشىپ ئەتىسى يېمەكلىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن دۇكان ئىزدەپ ئادىشىپ قالغىنىم، ياتاق بىناسىغا ناھايىتى يېقىن بولغان ھىندونېزىيەلىكلەر ئاچقان يېمەكلىك دۇكىنىغا 10 مىنۇتتا يېتىپ كەلگەن بولسامۇ، ئەمما ياتاققا قايتىش ئۈچۈن توپ ـ توغرا 2 سائەت يول ماڭغان ئىدىم، شۇ كۈنى قايتىپ كەلگىنىمدە بائىمە ئەنسىرىگەن ھالدا يولۇمغا قارا ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ بىرىنچى دېگەن سۆزى "نىمىشقا يالغۇز چىقتىڭىز، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، سىزدىن بەكلا ئەنسىرىدىم، نەچچە چىقىپ ئىزدىدىم سىزنى، ھەتتا رازىيەگىمۇ تېلېفون قىلدىم!" ئەلۋەتتە ئۇ چاغدا يېڭى

كەلگەن چاغلىرىم بولغاچقا ئۇنىڭ كالدىرلاپ تولىمۇ ئىتتىك دېگەن بۇ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەي، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قالغان ئىدىم. ئۇ مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ، سۆزنى چۈشەنمىگەنلىكىمنى ھىس قىلدى بولغاي، قەغەزگە يازدى، مەنمۇ جاۋابەن "مەندىن ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز." دېگەن سۆزنى يازدىم. ئۇ رازىيەگە تېلېفون قىلىشىمنى ئېيتتى. قىززىق ئىش، مەن رازىيەنىمۇ مەندىن ئەنسىرىدى دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما ئۇ تېلېفوندا دېگەن تۇنجى سۆزى "يارايسىز! ئەتىلىككە ئۆيۈمگە كېلىڭ، مەن سىزنى ساقلايمەن" دېدى.

مەن تېخى رازىيەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقمىغان ئىدىم، شۇڭا ئۇنىڭدىن "ئۆيىڭىزنى قانداق تاپىمەن، سىز ئادرېسىڭىزنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟" دەپ سورىدىم. "تاپالايسىز سىلەرنىڭ ياتاق بىنارىڭلارنىڭ يېنىدىكى يولنى بويلاپ پىيادە 25 مىنۇت ماڭسىڭىز بىزنىڭ ئولتۇراق رايونغا يېتىپ كېلىسىز. . . "ئۇ ئولتۇراق رايون ئادرېسىنى، بىنا نومۇرىنى دەپ بېرىپ ئەتىسى چۈشتە ئۆيىگە بېرىشىمنى ئېيتتى. بائىمە تېلېفوننى ئېلىپ "لالە ئۆيىڭىزنى تاپالمايدۇ، ئادىشىپ قېلىشى مۇمكىن" دېگەندەك گەپنى قىلغان بولسا كېرەك، ئەمما رازىيە مېنى ئەتىلىككە چۈشتە ساقلايدىغانلىقىنى دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

دېگەندەك ئەتىسى، سائەت 11 دە ياتاقتىن چىقتىم ــ ە، بىنا ئەتراپىغا ئوبدان سەپسېلىپ يۆنىلىشنى توغرىلاۋالغاندىن كېيىن، سائەتكە قاراپ تۇرۇپ رازىيە دەپ بەرگەن يول بىلەن ماڭدىم، دېگەندەك 25 مىنۇتلار ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ دەپ

بەرگەن ئولتۇراق رايونى كۆرۈندى، شۇ چاغدا شۇنچىلىك خوش بولۇپ كەتكەن ئىدىم، چۈنكى مەن ھېچكىمدىن يول سورىماي، ئۆزۈم مۇستەقىل ھالدا رازىيەنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كەلگەن ئىدىم. رازىيە ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئىشىكنى ئاچتى "مانا دېمىدىممۇ، ئاداشماي ئۆيۈمنى تېپىپ كەلدىڭىز!"

ئۇ قىزغىنلىق بىلەن مېنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى، ئەنە شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۇنى گويا يېقىن تونۇغىنىمدەك، ھەدەمدەك كۆرىدىغان بولغان ئىدىم.

ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ئۇنىڭغا دېگىنىمدە ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن سۆزۈمنى ئاڭلايتتى، ئەمما قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى ھەققىدە ئالدىراپ مەسلىھەت بەرمەيتتى، بەلكى "ئۆزىڭىز ئويلىنىپ بېقىڭ، مەن پەقەت مەسلىھەتلا بېرەلەيمەن، ئاخىرقى قارارنى يەنىلا ئۆزىڭىز چىقىرىڭ." دېگەن گەپ بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى.

UnRegistered

شۇنداق قىلىپ رازىيەنىڭ ياردىمىدە مەن ھەر بىر يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەندىم دېسەممۇ بولىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئامال بار باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزۈم مۇستەقىل قارار قىلىدىغان بولدۇم، ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىممۇ كۈچىيىپ باردى .

رازىيە ئۆزى ھەققىدە جىق سۆزلەشنى خالىمايتى، ئەمما ئۇنىڭ بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئىسسىق-سوغۇقلارنىڭ ئۆتكىنىنى ھېس قىلاتتىم، يات ئەللەردىكى 10 يىللىق ھايات ئۇنى ئاجايىپ قەيسەر، ئىرادىلىك، چىدامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياش تۆككىنىنى كۆرمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار بولۇپ 7 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ بالىغا تولىمۇ ئامراق ئىدىم، بالىلىرىمنى سېغىنغىنىمدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئوغلىنى كۆرۈپ كېلەتتىم.

"بالام، مېنىڭ بارلىقىم!" بىر كۈنى رازىيە ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر نەزەردە ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپ، شۇنداق دېگەن ئىدى." ئۇنى بىر يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقسامكەن دەيمەن..." بۇ گەپلەرنى قىلغان چېغىدا ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى، ئەمما بىردەمدىلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى "بىلەمسىز لالە، مەن ئوغلۇمنى دەپ ئۇنىڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىدىم، بالىغا نورمال ئائىلە شارائىتى بولمىسا بولمايدۇ."

مەن ئېھتىيات بىلەن سورىدىم،" ئۇنىڭ دادىسىنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرەمسىز؟"
"بىلمەيمەن، لەكىن دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن، ئۇ ئاقكۆڭۈل ئىدى، ئەمما ياقا يۇرتتىكى مۇساپىرچىلىق، جاپا-مۇشەققەت ئەركە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئۇنى

Unregistered

مجەزى ئىتتىك، تەرسا، ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان، ئۆزىگە ئىشەنچى يوق، ھەممىدىن نارازى بولىدىغان قىلىپ قويغان، ئۇ ئاچچىقىنى مەندىن ۋە بالىدىن ئالىدىغان بولىۋالدى..." ئۇنىڭ گېپىنىڭ داۋامى باردەك ئىدى، ئەمما مەن ئۇنىڭ مۇڭلىنىشىنى خالىمىدىم ـ دە ،گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتىم.

رازىيە ھەر قېتىم مەن بىلەن كۆرۈشكىنىدە دەيدىغان گېپى يەنىلا "مۇستەقىل بولۇڭ، ئىرادىلىك بولۇڭ!" دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، ئەمما ئارقىدىنلا "ئائىلىڭىزنى سېغىنىدىڭىز، بالىلارنى كۆرگۈڭىز كەلدى، شۇنداقمۇ؟ كۆڭلىڭىز يېرىم بولسا مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ تازا يىغلىۋېلىڭ، ئاندىن بىللە تاماق ئېتىپ يەيمىز!"

مەن رازىيەدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم دېسەممۇ بولىدۇ.

"بۇ يەردىكى ھاياتنى، تۇرمۇشنى چۈشىنىش ئۆزى يەنە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغانغا باراۋەر، كىشىلەرگە سەممىي مۇئامىلىدە بولۇڭ، ئەمما ئىچ ـ باغرىڭىزنى ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن بىراقلا تۆكىۋەتمەڭ، بەزىدە "نو" دېيىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇڭ." مانا بۇ رازىيەنىڭ يەنە بىر گېپى ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن "ئۆزۈم خالىمىغان ئىشنى بىراقلا رەت قىلىۋەتسەم بولامدۇ، ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە "نو" "ستوپ" دېگەندەك سۆزلەرنى كەمدىن ـ كەم ئىشلىتىدۇ، سىلىقلىق بىلەن

UnRegistered

ئۆزى خالىمىغان ئىشلارنى رەت قىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم"- سورىغىنىمدا، رازىيە كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ "بىز ئۇيغۇرلار بەك ئاقكۆڭۈلمىز، ھەممە ئىشنى چىن ئەقىدە بىلەن قىلىمىز، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى زىيادە ئاياپ كېتىمىز، ئەمما ئىنگلىزلار ئوخشىمايدۇ، ئۇلار سىزگە ھېچقاچان ئۇيغۇرلاردەك ھەقىقى ئىللىقلىقنى بەرمەيدۇ، نۇرغۇن چاغلاردا پىلانلىق، مەقسەتلىك ئىش قىلىدۇ، ھېچ بولمىسا ئەدەپ يۈزىسىدىن سىزگە سىلىق مۇئامىلىدە بولىدۇ، لېكىن ئۆزى خالىمىغان ئىشلارغا ئەزەلدىن ماقۇل بولمايدۇ، بۇنداق چاغلاردا سىزگە "نو" دەيدۇ، شۇڭا سىزمۇ ئۇلارغا ۋاقتى كەلگەندە "نو" دېيىشىڭىز، بىۋاستە رەت قىلىشىڭىز كېرەك، ھېچقىسى يوق، بۇ يەردە مۇشۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك، شۇندىلا ئۇلار سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان، سىزگە قايىل بولىدىغان بولىدۇ."

رازىيەنىڭ دېگىنى راست ئىدى، جۇلىيانىڭ ئۆيىدە تۇرغان مەزگىلىمدە ئۇ ئايالنىڭ زىيادە يېلىنىشۋېلىش پىسخىكىسىغا قارىتا مەن راستىنلا "نو" سۆزىنى ئىشلەتتىم، بۇنىڭ ئۈنۈمى ئەلۋەتتە خېلى ياخشى بولدى، نەتىجىدە جۇلىيا كۆڭلۈمنى ئاغرىتقان چاغلىرىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەچۈرۈم سورايدىغان، ئۆز خاتالىقىنى تونۇيدىغان بولغان ئىدى.

سابا،رازىيە ھەققەتەن مېنىڭ ئامېرىكىلىقلارنى چۈشىنىشىمگە، بۇ يەرنىڭ مۇھىتىغا ماسلىشىشىمغا جىق ياردەم قىلدى دېسەم بولىدۇ.

UnRegistered

ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى ،ئۇلار سەممى، قىزغىن، كىشلەرگە ياردەم قىلىشقا ئامراق، ئەدەبلىك، تەجەشلىك شۇنداقلا زىيادە شەخسىيەتچى بولۇپ، ھەممە ئىشنى پىلانلىق ئېلىپ بارىدىكەن، كۆرۈنۈشتە سىزگە ناھايىتى يېقىن مۇئامىلە قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ھېچقاچان بىز ئۇيغۇرلاردەك يۈرەك ـ باغرىنى تۆكۈۋەتمەيدىكەن، ئۇلار سىزگە شۇنچە يېقىن تۇرسىمۇ ئەمما مەڭگۈ يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان، ئۆزىنىڭ دۇنياسى ئىچىدە ياشايدىغان كىشلەر ئىكەن .

شۇڭا ئۇلارغا مۇئامىلە قىلغىنىڭىزدا بۇ زېمىندا ياشىغىنىڭىزدا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز تولىمۇ مۇھىمدۇر.

خوش، بۇگۈن مۇشۇنچىلىك يازاي، ئامان بولۇڭ!

لالە

UnRegistered

## روهىي ئازادىلىك ئەڭ مۇھىم

سالام سابا،

ۋەتەنىدە چېغىمدا چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىدىن "چەتكە چىقىپ ئوقۇماق تەس" دېگەن گەپنى ئاڭلىغان چېغىمدا "پەقەت چىدام ـ غەيرەت بولسىلا ھەرقانداق جاپانى يەڭگىلى بولىدۇغۇ، ئۇلار تارتقان جاپاغا مەن دۇچ كەلسەم چوقۇم يېڭەلەيمەن"دەپ ئويلايتتىم.

مانا ئۆز خىراجىتىم بىلەن بۇ زېمىنغا قەدەم باسقىنىمدىن كېيىنلا ئۇلار دېگەن قىيىنچىلىقنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدىن نەچچە ھەسسە قىيىنلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

بۇ قىيىنچىلىق پەقەت تىل ئۆتكىلى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى روھىي جەھەتتە سىز دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك روھىي ئازابلارغا، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشىڭىز ئىكەن!

UnRegistered

ئەلۋەتتە ، دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىمدا "تىل ئۆتكىلى" ئالدىمدىكى ئاجايىپ چوڭ توساق بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى ،ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى قانچە دىققەت قىلىپ ئاڭلىساممۇ چۈشىنەلمەيتتىم ، ئوقۇتقۇچۇم ۋە ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەچكە سۆزنى دانىمۇ ـ دانە ئالدىرىماي سۆزلىگىنى بىلەن كۆتۈپخانا خادىملىرى ۋە باشقا مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدىكىلەرنىڭ شارىلداپ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەي خېلىلا قىينالدىم ، لۇغەت ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ،شەرەت قىلىپ دېگۈدەك ئۆز مەقسىدىمنى ئۇلارغا ئۇقتۇراتتىم. شۇ چاغلاردا

ئۆزۈمنى شۇنچىلىك يارىماس ،ھەتتا بەزىدە شۇنچىلىك دۆت ھېس قىلاتتىم ، راۋان سۆزلەشنى ئارزۇ قىلغانسىرى گەپلىرىم قولاشمايتتى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە جۇلىيا بىلەن تونۇشۇپ قالدىم ، 50 ياشلاردىن ھالقىغان بۇ ئايالنىڭ ماڭا دەسلەپ بەرگەن تەسىرى تولىمۇ قىزغىن ، سەممىي بولدى. پاراڭخۇمار بۇ ئايال ئۆزىنىڭ يالغۇز تۇرىدىغانلىقى ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىنى ، ئۇيغۇرلارغا بەك ئامراقلىقىنى ، ئىلگىرى بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى ماڭا ئاجايىپ زوق بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئامال بار ئەڭ ئاددىي سۆزلەر بىلەن مەقسىدىنى ئۇقتۇراتتى. ئۇ ئايال توغرىلىق ۋەتەنىدىكى چېغىمدا بىر تونۇشۇمدىن ئاڭلىغان ئىدىم ، شۇڭا شۇ كۈنى بۇ ئايال كۆزۈمگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈندى. شۇ كۈنى ئۇ مېنىڭ قەيەردە

UnRegistered

تۇرۇۋاتقانلىقىمنى سوراپ قالدى، مەن مالايشىيالىق بىر مۇسۇلمان قىز بىلەن تۇرۇۋاتقىنىمنى دەپ بەرگىنىمدە ئۇ تويۇقسىز ئېغىز ئېچىپ "مېنىڭ 3 ئېغىز كەڭتاشا ئۆيۈم بار، ئۆزۈم يالغۇز بولغاچقا بەكلا زېرىكىمەن،

ئەگەر خالىسىڭىز مەن بىلەن تۇرسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى، پەقەت سۇ ۋە توك پۇلىنىلا تۆلىسىڭىز بولىدى، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن،" دېدى.

ئۆز خىراجىتى بىلەن بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان، تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ بولمىغاچقا تېخى ئىشلىگۈدەك بىرەر ئىش تاپالمىغان ماڭا نىسپەتەن بۇ تولىمۇ ياخشى تەكلىپ ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ تەكلىپىنى ئويلىنىشىپ باقسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم. ئالدىنقى خەتلىرىمدە بايان قىلغىنىمدەك دەل شۇ كۈنلەردە ياتاقدىشىم بائىمەنىڭ نيۇيوركتىن كەلگەن ئوغۇل دوستى شۇ ئۆيدە قونۇپ يۈرەتتى، گەرچە ئۆيلىرىمىز ئايرىم بولسىمۇ، لېكىن مەن بەكلا بىئەپ ھېس قىلاتتىم، بائىمەنى كۈندۈزى كۆرگىلى بولمايتتى، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قايتىپ كېلىپ دوستلىرى بىلەن مېھمانخانىدا خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئولتۇرۇشاتتى، شۇڭا ئامال بار ۋاقىتنى پەستىكى دەرس تەكرارلاش ئۆيىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولاتتىم....

Unregistered

مانا مۇشۇلارنى ئويلاپ ،جۇلىيانىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بارسام ھەر ھالدا تۇرمۇشۇم نورمال قېلىپقا چۈشۈپ، جىمجىت كىتاب كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالارمەن، پاراڭخۇمار بۇ يالغۇز ئايال بىلەن ئىنگلىز تىلىنى پىراكتىكا قىلىشقىمۇ بولىدىغۇ دېگەن ئويغا كەلدىم. لېكىن نېمىشقىدۇر يەنە سەل ئىككىلىنىپ تۇراتتىم، جۇلىيانىڭ مەندىن ئۆي ئىجارىسى تەلەپ قىلماي "پەقەت سۇ ۋە توك پۇلىنىلا تۆلىسىڭىز بولىدى، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقىغا ئامراق!" دېگەن سۆزىنى ئويلىغىنىمدا، "ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بارسام، ئۇنىڭ قانداق تەلەپلىرى بولغىيدى؟" دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن كەچۈردۈم ـــ ە يەنە سەل ئىككىلىنىپ قالدىم.

بىر ھەپتىلەردىن كېيىن بولسا كېرەك، جۇلىيا تېلېفون بېرىپ، ئۆتكەنكى تەكلىپىنى ئويلىشىپ باققان ـ باقمىغانلىقىمنى سورىدى ۋە مېنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىمنى تەكلىپ قىلدى.

ئۇ ئايالنىڭ بۇ قەدەر قىزغىنلىقى مېنى راستىلا تەسىرلەندۈرگەن ئىدى، رازىيەدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىنىمدا ئۇ ماڭا ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل، ئەمما يالغۇزلۇقتا تۇرىۋېرىپ بەكلا پاراڭخۇمار بولۇپ كەتكەن ئايال ئىكەنلىكىنى، ئەگەر قولۇمدىن كەلسە ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىرەر ۋاق تاماق ئېتىپ بەرگەچ ئىنگلىز تىلىنى پىراكتىكا قىلىشنى ئويلىشىپ باقسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن راستىلا ئويلىنىپ قالدىم، ھېلىمۇ ھەر كۈنى كەچلىك تاماق قىلسام

UnRegistered

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنگەن ئادىتى بويىچە بائىمەنى تاماققا چاقىراتتىم، ئۇ يوق بولسا تېخى تاماق ئېلىپ قوياتتىم، ئۇ مېنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىمغا ئوبدانلا كۆنگەن بولۇپ، تامىقىمنى ماختاپ تۇرۇپ يەيتتى. ئۇنىڭغا ھەر ئايدا ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن 350 دوللار تۆلىگەندىن سىرت، ئۆز پۇلۇمغا كۆكتات ئېلىپ ئەتكەن تاماقلىرىمغا ئۇنى تەكلىپ قىلىپ تۇراتتىم، ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئارىلاپ دوستلىرى كەلگەندە تاماق قىلاتتى ۋە مېنى تەكلىپ قىلاتتى. ئەگەر جۇلىيانىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بارسام ھېچ بولمىغاندا ئۆي ئىجارىسىنىڭ يېرىمىنى تېجەپ قالالايتتىم، كۆڭلۈمدە شۇنداق ئويلىدىم "مەيلى ئەمەسمۇ، ھەر كۈنى كەچلىكى ئۇنىڭغا بىر ۋاق تاماق ئېتىپ بەرسەم، ئىشلىگۈدەك ئىش تاپالماي تۇرغىنىمدا ئۆي ئىجارىسىنى ئەمگىكىمگە سۇندۇرسامۇ بولىدىكەنغۇ." مانا مۇشۇ خىيال بىلەن جۇلىيانىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەلدىم!

شۇ ھەپتە شەنبە كۈنى جۇلىيا دەپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم.

جۇلىيا مېنىڭ كەلگىنىمدىن بەكلا خوش بولۇپ كەتتى، رازىيەنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، ماڭا ئۆيلىرىنى كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ ئۆيىنى كۇتۇپخانا دېسە ئارتۇقلۇق قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئېغىز ئۆيىنىڭ

UnRegistered

ھەممىسلا كىتاب بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىتابلىرى مەن بۇ يەرگە كېلىپ كۆرگەن ھەرقانداق پروفېسسورنىڭ ئۆيىدىكى كىتابلىرىدىنمۇ جىق ئىدى! "-ىتابلىرىڭىز بەك جىق ئىكەن!" مەن ھاياجان بىلەن شۇنداق دېدىم. "شۇنداق، مەن كىتاب كۆرۈشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، پۇلۇم بولسىلا كىتاب سەتىۋالىمەن." ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا ماڭا ئۆز كىتابلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە يەنە ئىككى كىتاب جاۋىنىدە ۋىدېئو ۋە D پىلاستىنكىسى بولۇپ، بۇ يەرنى ئۆي دېگەندىن كۆرە، بىر ئىنستىتۇت ياكى فاكۇلتېتنىڭ كۇتۇپخانىسى دېسە ھەرگىزمۇ مۇبالىغە بولمايتتى! ئۇ مېنىڭ ھاياجان ئىچىدە كىتابلارغا قاراۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، "سىزمۇ كىتابقا ئامراق ئىكەنسىزدە؟" - دەپ سورىدى. "ئەلۋەتتە! مەن كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، مېنىڭمۇ ئۆيۈمدە نۇرغۇن كىتابلىرىم بار، ئەمما سىزنىڭكىدەك جىق ئەمەس." ئۇ جاۋابىمدىن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتى، "رەھمەت، مەن بەك خۇش بولدۇم!" ئۇ مېنى چىڭڭىدە قۇچاغلاپ كۆزىگە ياش ئالدى، "سىزنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئۆيۈمگە كۆچۈپ كېلىپ مەن بىلەن بىللە تۇرۇڭ، بولامدۇ!" ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى تەكلىپ دېگەندىن كۆرە، بىر خىل ئىلتىجا دېگەن تۈزۈك ئىدى. قەلبىمنى بىر خىل ئىللىق سېزىم قاپلىدى، بۇ ئايال مېنى چىن كۆڭلىدىن بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى.

رازىيە كەلگەندىن كېيىن ئىككىمىز بىللە تاماق ئەتتۇق، جۇلىيا تامىقىمىزنى ئاجايىپ ئىشتىھا ۋە ھوزۇر بىلەن يېدى. "بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟" رازىيە مەندىن سورىدى. "نېمە دېسەم بولار، راستىمنى دېسەم مەن بۇ ئايالنى ياقتۇرۇپ

Unregistered

قالدىم، كىتابلىرىمۇ بەك جىق ئىكەن، ئۇنىڭدىن خېلى نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالغۇدەكمەن." مەن ئۆز ئويۇمنى سەممىلىك بىلەن رازىيەگە ئەيتتىم. جۇلىيا بىزنىڭ سۆزىمىزگە ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇ رازىيەنىڭ مېنىڭ بۇ ئۆيىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىم ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەكلا خۇش بولۇپ كەتتى. "ئەتىلا كۆچۈپ كەلسۇن!" ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىت ۋە خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى.

"بىر قارارغا كەلگەن بولسىڭىز، كۆچۈپ كەلىڭ، ئۆز-ئارا ياردەمدە بولسىلەر، گەپلىرىنى چۈشىنەلمىسىڭىز ماڭا تېلېفون قىلىڭ، ئۇقۇشماسلىقلارغا مەن ياردەم قىلاي."

"بولىدۇ، ئەمما ئىجارىنى ئوبدان سۆزلىشەيلى. ئۇ مەندىن ئۆي ئىجارىسى ئالمايمەن دەيدۇ، تەلىپىنى بىلىپ باقاي." مەن رازىيەگە كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئوچۇقلا دېدىم. رازىيە ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل ھالدا بىردەم پاراڭلاشتى. ئاندىن ماڭا قاراپ "ئۇ ھەر كۈنى بىر ۋاق كەچلىك تاماق ئېتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىكەن، سۇ ۋە توك پۇلىنى تۆلىسىڭىز بولغىدەك، تاماق خىراجىتىنى تەڭ چىقارساق دەيدۇ". بۇ تەكلىپ ئورۇنلۇق ئىدى، مەن قوشۇلدۇم، شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، جۇلىيانىڭ 3 ئېغىز ياتاق ئۆيىنىڭ بىر ئېغىزىغا مەن كۆچۈپ كەلدىم.

UnRegistered

سابا، بۇ بايانلىرىمنى ئوقۇغان چېغىڭىزدا بەلكىم مېنى "ئاجايىپ تەلىيى كەپتۇ، ھەم كۈڭۈلدىكىدەك تۇرالغۇغا، ھەم ئىنگلىز تىلى پىراكتىكا قىلىدىغان ياخشى ھەمراھقا ئېرىشىپتۇ!" دەپ ئويلىغان بولىشىڭىز مۇمكىن. ھەقىقەتەن دەسلەپ كەلگەن كۈنلىرىمدە مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ئىدىم. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 دە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە كېتەتتىم، كەچتە سائەت 8 دە ئاخىرقى ئاپتوبۇستا ئۆيگە قايتىپ كەلەتتىم، جۇلىيا دەرىزە تۈۋىدە يولۇمغا قاراپ ئولتۇراتتى، تاماق ئەتكەچ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتىم، ئۇ ئۆزىنىڭ باللىقى ھەققىدە، ئاتا-ئانىسى، جەمەتى، ئېرى ۋە مۈشۈكى يۇرا ھەققىدە زوق بىلەن سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ كۆپىنى چۈشەنمىسەممۇ، ئەمما بۇنى تىل ئۆگىنىشتىكى ياخشى پۇرسەت دەپ قارىغىنىم ئۈچۈن ئاڭلايتتىم، ئارىلاپ بىرەر ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قويغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا گەپنى بۆلمەيتتىم. ئۇ مېنىڭ ئۆز گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كېتەتتى، ئارىلاپ مەندىن "چارچىدىڭىزمۇ؟" دەپ سوراپ قوياتتى.

مەن چارچىغىنىمنى، ئۆيقۇم كەلگىنىنى ئېيتقىنىمدىلا ئۇ ئاندىن سۆزلەشتىن توختايتتى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇ تاماقنى ماختاپ يەيتتى ۋە توختىماي سۆزلەيتتى. ۋاقت ئۆتكەنسېرى مەن ئۇنىڭ ئىلگىرى دەپ بولغان ئىشلارنى

Unregistered

ـ تەكرار بايان قىلىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدىم، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا "بۇنى ئىلگىرى دەپ بەرگەن ئىدىڭىز،مەن بىلمەن "دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم، ئۇ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغىنىدا "ھە شۇنداقمىدى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن" دەيتتى ـ!" ۋىدېئو كۆرگۈم بار ـ يوقلۇقىنى سورايتتى، "بولىدۇ قېنى كۆرەيلى." مەن ئۇنىڭ بەك جىق سۆزلەپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلغاچ "كىنو كۆرسەك بىردەم جىمىپ قالار" دېگەن ئويغا كەلگەچ كىنو كۆرۈشكە ماقۇل بولدۇم.لېكىن ئۇ نېمىنى قويدى دېمەمسىز شېكسپىرنىڭ كىلاسسىك كومېدىيەلىرىنى قويدى!

ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئادەت سۆزلىرىنى ئېنىق چۈشىنەلمەي قىينىلىپ يۈرگىنىمدە بۇ كىلاسسىك كومېدىيەلەرنى قانداقمۇ چۈشىنەي، ئۇ بولسا يېنىمدا ئولتۇرۇۋېلىپ ھە دەپ ماڭا شېكسپىرنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنىڭ قانچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى سۆزلەيتتى، مەن شۇ تاپتا نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنلىكىمنى، ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ئەكس ئەتكەن فىلىملارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، "ئەلۋەتتە بولىدۇ!" ئۇ خۇشاللىق بىلەن تەلپىمنى بىجا كەلتۈردى. "مانا بۇ ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ئەكس ئەتكەن فىلىم" ئۇ ۋىدېئونى ئالماشتۇردى، توۋا بۇ تىل ئىنگلىزچىغا ھېچ ئوخشىمايتتى! بىردەم كۆرگەندىن كېيىن كۆرۈۋاتقىنىمنىڭ فىرانسۇز تىلىدىكى فىلىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئاستىدا ئىنگلىزچە تەرجىمىسى چىقىپ تۇراتتى. "ياخشىمىكەن؟" ئۇ مەندىن سورىدى،"بۇ بەك داڭلىق كومېدىيە!" "بىراق فىرانسۇزچە ئىكەن ئەمەسمۇ، چۈشىنەلمىدىم."مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كەتمەكچى بولدۇم، "ئاستىدا ئەڭلىزچە خېتى بارغۇ؟" ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدى، "بىراق مەن بىر ئېغىزمۇ فىرانسۇزچە بىلمەيدىغان تۇرسام، بۇ كىنونى قانداق

Unregistered

كۆرىمەن؟" "ئەمىسە باشقا كىنونى قويايمۇ؟" "ياق، رەھمەت! مەن كىرىپ ئۇخلاي، ئەتە سەھەر تۇرۇشۇم كېرەك، دەرسىم بار ئىدى". "خەيرلىك كەچ!" ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، كىنونى كۆرۈشنى داۋاملاشتۇردى. مانا بۇ مېنىڭ ئۇنىڭ ئۆيدە تۇرغان دەسلەپكى كۈنلەردىكى ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى ئىدى.

جۇلىيانىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، مەن ۋاشىنگتونغا كەتتىم، ئۇ يەردە تۇرغان بىر ئاي جەريانىدا جۇلىيا كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك تېلېفون قىلىپ، مېنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى، مېنى ناھايىتى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ تۇردى، ئۇ تېلېفوندا تولىمۇ ئۇزۇن پاراڭ قىلاتتى، كېيىنكى كۈنلەردە مەن گەپنى قىسقىلا قىلىپ، تېلېفوننى قويۇۋېتىدىغان بولدۇم.

Unregistered

نىھايەت، بىر ئايدىن كېيىن مەن قايتىپ كەلدىم، ئۇ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى، ئۆزى ۋە مۈشۈكى يۈرا ئىككىسىنىڭ مېنى نەقەدەر سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ پەقەت توختىمىدى، ناھايىتى ھېرىپ كەتكەن بولسامۇ كەچلىك تاماق قىلدىم، ئۇنىڭ ھوزۇر بىلەن تاماق يېيىشىگە قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، "تاماق ئېتىپ يېمىدىڭىزمۇ؟" "ياق! تەييار يېمەكلىكلەرنى يېدىم، ئارىلاپ پىزا ئەكەلدۈرۈپ يېدىم، سىز ئەتكەن تاماقلارنى بەكلا سېغىندىم!" ئۇ تاماق يېگەچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى "ئاپام ھايات چېغىدا تاماقنى ئاپام ئېتىپ بېرەتتى، ئېرىم بۇ يەردىكى چاغدا ئېرىم ئېتىپ بېرەتتى، مەن تاماق ئېتىشنى بىلمەيمەن." 50 ياشتىن ئېشىپمۇ تاماق ئېتىشنى بىلمەيدىغان بۇ ئايالغا شۇ چاغدا ھەيران قالغان ئىدىم، كېيىنكى كۈنلەردە نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىلىق ئاياللارنىڭ تاماق

ئېتەلمەيدىغىنىنى بىلدىم، ئەسلى بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس ئىكەن .

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مەن جۇلىيانىڭ ماڭا بەكلا تايىنىۋالىدىغان بولۇپ قالغىنىنى سېزىپ قالدىم، ئۇ مەن مەكتەپتىن كەلگىچە يولۇمغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۆيدە بولسا مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىششىمنى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىشىمنى تەلەپ قىلاتتى، بىرلىكتە كىنو كۆرۈشۈمنى، يەنىدا ئولتۇرۇشۇمنى، ئويلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى، ياتىقىمغا كىتاب كۆرگىلى كىرىپ كەتسەم يېنىمغا كىرىۋېلىپ نېمە كىتاب كۆرۈۋاتقىنىمنى سورايتتى، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن تېلېفوندا پاراڭلاشسام نېمە دېيىشكىنىمنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى، تاكى مەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغىچە كارىۋىتىمدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن مېنىڭ چىرايىمغا سەپسېلىپ ئولتۇرىدىغان بولىۋالدى "ئائىلىڭىزدىكىلەرگە مەندىن سالام ئېيتىڭ، ئۇلارغا مەن توغرىلىق نېمە دېدىڭىز؟ مېنى ياخشى كۆرىدىغىنىڭىزنى ئېيتتىڭىزمۇ؟ . . . . ."ئۇنىڭ سوئاللىرى ھېچ تۈگىمەيتتى."ئۇلار سىزگە سالام ئېيتتى" دەپلا گەپنى تۈگىتەتتىم.

كېيىنكى چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ياتاق ئۆيۈمدە كىتاب كۆرىدىغانلىقىمنى دەيتتىم ـ دە، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالىدىغان بولدۇم، ئۇ يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشاتتى ـ دە، ئىشىكنى قېقىشقا باشلايتتى، "ئىشىكنى ئېچىڭ پاراڭلىشايلى!" "كەچۈرۈڭ كىتاب كۆرۈۋاتقان ئىدىم" ئۇ

Unregistered

جاۋابىمنى ئاڭلاپ كېتەتتيۇ، **10** مىنۇت بولماي يەنە كېلەتتى "ئىشىكنى نېمىشكە تاقىۋالىسىز، بىردەم پاراڭلىشايلى!" ئامالسىز ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەرىشكە مەجبۇر بولاتتىم، ئۇ يەنە سۆزلەشكە باشلايتتى، ئانىسى ھەققىدە، دادىسى ھەققىدە، ئېرى ھەققىدە، مۈشۈكى ھەققىدە....مەن ئاڭلاشقا مەجبۇر ئىدىم. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزچە پىراكتىكا قىلىشتىن رايىم يېنىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن بىزار بولۇشقا باشلىغان ئىدىم. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ بىلەن رەسمى سۆزلەشتىم "كەچۈرۈڭ جۇلىيا ،مەن ئەركىن ئادەم، ماڭا دەخلى قىلمىغان بولسىڭىز،مەن كىتاب كۆرۈشۈم، ماقالە يېزىشىم كېرەك، مېنىڭمۇ ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلىش ئەركىنلىكىم بار، شۇنداقمۇ؟" ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ماڭا قارىدى "پاراڭلاشساق ياھشى ئەمەسمۇ، ئىنگلىزچە سەۋىيىڭىز كۆتۈرۈلەتتى" "شۇنداق،سىز ماڭا تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشكە ياردەم بەرمەكچى، ئەمما مەن بەك چارچىدىم، مېنىڭ يەنە كۆرىدىغان كىتابلىرىم بار، ماڭا ئەركىنلىك بېرىڭ ئۇك." "سىز ئىنزەلدىن ئەركىن،" ئۇ بېشىنى چايقىغىنىچە ياتاق ئۆيۈمدىن چىقىپ كەتتى، ئەمما **15** مىنۇتتىن كېيىن يەنە يېنىمغا كىردى، "مەن سىز بىلەن پاراڭلىششنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، مېنى ياخشى كۆرىسىز، شۇنداققۇ؟" "شۇنداق، سىزنى ياخشى كۆرىمەن!" مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يەرىم بولىۋاتقىنىنى بىلىپ ،ئۇنى يەنە چىقىرىۋەتكۈم كەلمىدى، ئۇ كارىۋىتىمدا يېنىچە ياتتى ـ دە يەنە ھېكايە سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭغا راستلا ئامال يوق ئىدى.

مانا ئەمدى ئامال بار ئۆيگە كەچرەك كېلىدىغان، كەچلىك تامىقىمنى چاققان ـ !" قان يەپ ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋالىدىغان بولدۇم، ئۇ

Unregistered

بىرنەچچە كۈن جىمغان بولدى، لېكىن ئىشىككە ئېسىپ قويغان "ئاۋارە قىلماڭ" دېگەن خەتتىن پەرۋايى پەلەك، ئىشىكنى توختىماي قاقىدىغان ۋە ئۆيۈمگە كىرىپ ئۆدۈل كارىۋىتىمدا يېتىۋېلىپ كىتاب كۆرىدىغان بولىۋالدى، ئۇنى كىتاب كۆردى دېگەندىن كۆرە، مېنىڭ ھەر بىر ئىشىمغا سەپسېلىپ ئولتۇرىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىدىم، ئەمما ئۇ مەندىن ئۆزىگە تېخىمۇ جىقراق ۋاقتىمنى بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مېنى بىللە بازارغا بېرىشقا، ئۆزى قاتنىشىدىغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى، مەن چىرايلىقچە رەت قىلدىم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارالمايدىغىنىمنى ئېيتقىنىمدا ئۇ بەكلا رەنجىپ كەتتى. "مېنى ياخشى كۆرمەيسىز شۇنداقمۇ؟ نېمشكە بارمايسىز؟" "كەچۈرۈڭ، مەن كۇتۇپخانىگە بارىمەن، كىتاب كۆرۈشۈم كېرەك" ئۇ قاتتىق رەنجىدى.ئۇ رازىيەگە تېلېفون قىلىپ، مېنىڭ نېمشكە ئۇنىڭ بىلەن بارمايدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ، رازىيە ئۇنىڭغا بۇ مېنىڭ ئەركىنلىكىم ئىكەنلىكىنى دېگىنىدىن كېيىنلا ئاندىن جىمغان بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن سىرتلارغا بىللە چىقمىغىنىمدىن ئۇ يەنىلا نارازى ئىدى.

پاراڭخۇمار بۇ ئايال بىر كۈنى مەندىن ساۋاقداشلىرىمنى نېمشكە تاماققا چاقىرمايدىغىنىمنى سورىدى، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ئۇ يالغۇز قېلىشتىن قورقاتتى،

Unregistered

ئۇنىڭ رايى بويىچە ساۋاقداشلىرىمنى ۋە ئوقۇتقۇچىمنى بىر قېتىم تاماققا تەكلىپ
قىلدىم، ئۇ كۈنى ئۇ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى، ھەممەيلەن بىلەن توختىماي
پاراڭلىشاتتى، ھەممەيلەننىڭ ئىشلىرىغا قىزىقاتتى، ئۆزى ھەققىدە،
"ـ ئانىسى ھەققىدە توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئادرېسلىرىنى، تېلېفون
نومۇرلىرىنى سورايتتى. راستىنى دېسەم شۇ كۈنى تولىمۇ بىئارام بولدۇم.

ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈزبەردى، ئۇ ئەمدى ساۋاقداشلىرىمغا ئە ـ مائىل يېزىشقا
ئۆزى ۋە مۈشۈكى ھەققىدە ھېكايە سۆزلەشكە ئۆتكەن ئىدى، ئۇلارنى كەچلىك
تاماققا تەكلىپ قىلاتتى ـ دە، ئاندىن ماڭا كەچلىك تاماقنى جىقراق قىلىشنى
تاپىلايتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا يەنە توختىماي سۆزلەشكە باشلايتتى. بىر
كۈنى مەن ئۇنىڭغا ئەمدى باشقىلارنى ئاۋارە قىلماسلىقنى ئېيتتىم، ئۇ ئاغزىدا
ماقۇل دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئە ـ مائىل يېزىشتىن توختىمىدى،ئۇنىڭ بۇ
ئىشىدىن بىزار بولغان رازىيە بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئەمدى تېلېفون قىلماسلىقنى،
ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئېيتىپ خېلىلا قاتتىق ئە ـ مائىل يازغاندىن كېيىن،
ئاندىن جىمغان بولدى، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم تەسكە چۈشۈۋاتاتتى، "مەندىن
نېمىشكە ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز، ئىشكنى نېمىشكە ئېتىۋالىسىز، كەچتە
ئۇخلىغاندا ئىشكنى ئېتىۋالدىكەنسىز، مەندىن قورقۇۋاتامسىز؟ تېلېفوندا مەن
توغرىلىق نېمە دېدىڭىز؟" ئۇنىڭ سوئاللىرى تۈگىمەيتتى......

زىيادە يالغۇزلۇق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان، پاراڭخۇمار ۋە ئادەم خۇمارى بولۇپ

Unregistered

كەتكەن بۇ ئايالنىڭ كۆڭلىنى قوپال گەپلەر بىلەن رەنجىتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمدى ـ دە، ئاخىرى مەكتەپنىڭ ياتاق بىناسىغا كۆچۈپ كەتتىم.

شۇنداق سابا،جۇلىيا ئاقكۆڭۈل ياخشى ئايال، ئەمما يالغۇزلۇق ئازابى ئۇنى ئاشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا ئامېرىكىدىكى زىيادە تېز تۇرمۇش رىتىمى، ئېغىر روھىي بېسىم، يالغۇزلۇق قاتارلىق ئامىللارنىڭ كىشلەرنى پىسخىك جەھەتتە نورمالسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغىنىنى بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بۇنداق كىشلەرگە ياردەم قىلىشىڭىز تولىمۇ تەس ئىكەن،سىز ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزگىمۇ بىرتالاي روھىي بېسىمنى ئېلىپ كېلىدىكەنسىز.

جۇلىيانىڭ ئۆيىدە تۇرۇش جەريانىدا مەن روھىي جەھەتتىنكى ئازادىلىكنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم.

خوش، ئامان بولۇڭ.

لالە

ـ 18

UnRegistered

## هايات ئۆچۆن كۆرەش

سالام سابا،

بۆ يەردىكى ھاياتنى ۋەتەندىكى دوستلىرىم تەسەۋۋۇرىدا ھەر خىل پەرەز قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار ۋەتەندە پەقەت كىنو ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە بۇ يەرگە تۇغقانلىرىنى يوقلاش ۋە ساياھەت ئۈچۈن كەلگەنلەردىن ئاڭلىغىنى بويىچە، ئامېرىكا تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ مەنتىقىسى، تۇرمۇش قارىشى بويىچە چۈشىنىدۇ ۋە باھا بېرىشىدۇ. ئەلۋەتتە مەنمۇ ۋەتەندىكى چەغىمدا ئامېرىكىنى خۇددى ئەشۇ ۋەتەنداشلىرىمغا ئوخشاشلا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم!

ئەمما بۇ زېمىنغا قەدەم باسقىنىمدىن كېيىن، بۇ يەردىكى ھاياتنىڭ مەن ئويلىغىنىمدەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، بولۇپمۇ بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئامېرىكا جەمئىيىتىنى، بۇ يەردىكى ھاياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم. بەلكىم مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم تېخى يېتەرلىك ئەمەستۇر، بەلكىم مەن بۇ يەردىكى ھاياتنى تولۇق چۈشىنىپ بولالمىغاندىمەن، بۇ يەردىكى مەدەنىيەتكە بولغان باھايىم تېخى يۈزەكى ، پىششىپ يېتىلمىگەن باسقۇچتا بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلغانلىرىمنى ياش دوسلىرىمغا سۇنۇش قارارىغا كەلدىم.

UnRegistered

ئۆتكەنكى خەتلەردە يازغىنىمدەك، ئامېرىكىلىقلار ئىدىيىدە ئەركىن، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر، سەممىي، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، تىرىشچان، ئىقتىسادچان، ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ياخشى پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە زىيادە شەخسىيەتچى بولۇش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەت سۇس، سوغۇق بولۇشتەك ئىللەتلەردىنمۇ خالىي ئەمەس. شۇڭا بۇ يەردە سىز ۋەتىنىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا بولىدىغان ئاجايىپ ئىللىق مېھرى-مۇھەببەت ۋە غەمخورلۇقنى تاپالمايسىز؛ كۆڭۈل سىرلىرىڭىزنى ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ھېچنېمىنى يوشۇرماستىن دوستلىرىڭىزغا تۆكەلمەيسىز؛ دوستلىرىڭىزدىن ۋەتىنىدىكىدەك ھېچقانداق بەدەل تۆلىمەيدىغان چەكسىز غەمخورلۇقنى، ھېسابسىز ياردەمنى تەلەپ قىلالمايسىز؛ "باشقىلارغا يۆلىنىۋالىمەن، تۇققانلىرىمنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلىمەن" دېسىڭىز خاتالاشقان بولىسىز. ئەلۋەتتە سىز ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينالغىنىڭىزدا دوستلىرىڭىز سىزگە ياردەم قىلىدۇ، لېكىن بۇ ۋەتىنىدىكىدەك خالىسانە ياردەم ئەمەس! بۇ خىل ياردەم سىزنىڭ ئاشۇ مۇشكۈلاتلىرىڭىزنى ۋاقىتلىق ھەل قىلىشىڭىزغىلا يېتىدۇ، ئەمما مەڭگۈلۈك ئايىغى چىقماس ياردەم ئەمەس!

سىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىغىنىڭىزدا، مەيلى ئۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولسۇن ياكى باشقا قىيىنچىلىق بولسۇن، سەممىيلىك بىلەن ئامېرىكىلىقلاردىن ياردەم سورىسىڭىز بولىدۇ، ئۇلار سىزگە بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، سىزگە لازىم بولغان ياردەمنى قىلىدۇ، سىزگە خىزمەت تېپىشىپ

Unregistered

بېرىدۇ، پۇل قەرز بېرىپ تۇرىدۇ، لازىملىق ماتېرىياللارنى ئۆزىدە بولسا ئارىيەت بېرىپ تۇرىدۇ، ياكى ئاشۇ ماتېرىيالغا قانداق ئېرىشىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ...

بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ كۆزلىگىنى يەنىلا سىزنىڭ مۇستەقىل ھالدا بۇ قىيىنچىلىقنى ئۆزىڭىز ھەل قىلىشىڭىز بولىدۇ، ھەرگىزمۇ سىزنىڭ قىيىنچىلىغىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالمايدۇ! ۋەتەندىكىدەك "بولدى خاتىرجەم بولغىن، ئىشىڭنى مانا مەن ئۈستۈمگە ئالدىم!" دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان ئوغۇل باللارنى بۇ يەردە ئۇچرىتالمايسىز.

دېمەك بۇ يەردە ياشايمەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىمەن، ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلايمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم ئالدى بىلەن مۇستەقىل بولۇشنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. سىزدە پەقەت ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچ ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بولسىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيسىز. ئۆز ئىشىڭىزنى ئۆزىڭىز ھەل قىلىشنى ئۆگىنىشىڭىز بۇ يەردە سىز ئۆتۈشكە تېگىشلىك تۇنجى ئۆتكەل بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىغا قەدەم باسقان تۇنجى كۈنىڭىزدىن باشلاپلا سىز قايسىبىر يېقىن تۇققىنىڭىزنىڭ، ياكى دوستىڭىزنىڭ "قانات ئاستىدا ياشايمەن". "ئۇ مېنى يۆلەيدۇ، تۇرمۇشۇمغا ياردەم قىلىدۇ." دېگەن ئىدىيەنى كاللىڭىزدىن پاك-پاكىز چىقىرىۋېتىڭ. چۈنكى سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز سىزگە مەڭگۈلۈك يۆلەنچۈك بولالمايدۇ، سىزگە چەكسىز ياردەم بېرەلمەيدۇ. مەيلى بۇ ياردەم ئىقتىسادىي جەھەتتە، ياكى باشقا جەھەتلەردە بولسۇن. سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭلا تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ

Unregistered

كەلگۈسنى يارىتالايسىز! سىز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزدىن، دوستلىرىڭىزدىن "ماڭا ياردەمدە بولمىدى!" . . . ئاغرىنالمايسىز. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن باش قېتىنچىلىقى، غەملىرى بار. سىز بۇنى چوقۇم چۈشىنىشىڭىز كېرەك. مانا بۇ مېنىڭ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ھېس قىلغانلىرىم.

"ئامېرىكا ئادەمنى خۇددى كىيىمگە دەزمال سالغاندەك تۈپتۈز قىلىۋېتىدىغان جاي ئىكەن!" مانا بۇ زەمرەنىڭ ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدىكى ھاياتىنى خۇلاسىلەپ ماڭا ئېيتقان گەپلىرى. شۇ كۈنى ئىككىمىز ئايگۈلنىڭ ئۆيىدە تۇنجى ئۇچراشقان چېغىمىزدا ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەن چاغدىكى سەغىنىشلىرى، ـ مۇشەققەتلىرىنى، روھىي ئازابلىرى، كۆز ياشلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاشۇ گەپنى قىلغان ئىدى.

يېشى مەن بىلەن دىمەتلىك بولغان زەمرە، ئېغىربېسىق، مۇلايىم، ئويچان كۆرۈنەتتى. ئۇ مېنى كۆرگىنىدە باشقىلاردەك ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتمىدى، بەلكى مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ خىل كەمسۆز مۇلايىملىقىنى تۇنجى كۆرۈشۈمدىلا ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئۇ يېنىمغا كېلىپ مېنىڭ ئوقۇشۇم ۋە تۇرمۇشۇمنى سورىدى. "بەك ياخشى بوپتۇ، مۇمكىن بولسا ئۇزۇنراق ئوقۇشنىڭ ئامالىنى قىلىڭ، پەقەت تىرىشسىڭىزلا ئارزۇيىڭىزغا يېتەلەيسىز!" "رەھمەت، قېنى تىرىشىپ باقاي". "ياق، تىرىشىپ ئارزۇيۇمغا يېتىمەن دەڭ!" ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن شۇنداق دېدى، "بۇ يەردە تىرىشسىڭىزلا ھەممە ئىشنى

UnRegistered

ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدۇ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، سىز قىلالايسىز، سىزدە بۇ خىل قەيسەرلىك بار ئىكەن!" ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چېغىمدا چەكسىز سۆيۈنگەن ئىدىم. شۇ كۈنى ئوخشاش ۋەتەنداشلىرىم ماڭا ئامېرىكا تۇرمۇشىنىڭ نەقەدەر جاپالىقلىقىنى، بۇ يەردە نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىشىم، بۇ يەردە ۋەتەندىكىدەك ئازادە تۇرمۇش مۇھىتى، راھەت خىزمەتنىڭ يوقلۇقىنى خېلى ئېزىپ سۆزلەشكەن ئىدى. مەن ئۇلارغا جاۋابەن "ۋەتەندىمۇ ئوخشاش، رىقابەت كۈچلۈك، تىرىشىپ ئىشلەيمىز!" دېگىنىم ئېسىمدە. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ۋايساشلىرى ماڭا ياقمىغان بولسا كېرەك. لېكىن بۇنى "ۋايساش" دېگەندىن كۆرە "ھەقىقەت" دېگەن تۈزۈك ئىدى. ھەقىقەتەن بۇ يەردىكى ھايات "تىرىشىش ـ تىرمىشىش ئىچىدىكى، كۈرەش ئىچىدىكى ھايات!" ئىدى.

مېنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىم بۇنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى. ئۆزۈم ئويلىغىنىمدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان، ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتۇم، سانسىز قېتىم ياشلىرىمنى تۆكتۈم، قانداقتۇر ئارزۇلار ئىلكىدە ئوقۇيمەن دەپ بۇ زېمىنغا ئاياغ باسقىنىمدىن پۇشايمانلار قىلغان چاغلىرىممۇ بولدى. ئەمما ھەر بىر قىيىنچىلىقنى يەڭگىنىمدىكى خۇشاللىقىم ماڭا يېڭى غەيرەت بېغىشلىدى، ئىشەنچ ـ ئۈمىد بېغىشلىدى. مەن ئۆزۈممۇ ھېس قىلالمىغان ھالدا ئۆزگىرىپ بېرىۋاتاتتىم، بارغانچە قەيسەر بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، ئەتراپىمدىكى قىيىنچىلىقلارغا بارغانچە پەرۋاسىز قارايدىغان، ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم ئېشىپ بارىدىغان بولۇۋاتاتتى.

بايا دېگىنىمدەك، بۇ يەردە ئاۋال سىز مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك،

Unregistered

قىينچىلىقلارنى باشقىلارغا يۆلىنىۋالماي ئۆزىڭىز ھەل قىلغىنىڭىزدا سىزدە ئاجايىپ ھوزۇر پەيدا بولىدۇ، ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز ھەسسىلەپ ئېشىپ بارىدۇ.

كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇڭ، يالغانچىلىق قىلماڭ، راست گەپ قىلىشتىن نومۇس قىلماڭ. بۇ سىزگە پايدا ئېلىپ كەلسە كېلىدۇكى ھەرگىز زىيان ئارتقۇزمايدۇ.

چۈنكى ئامېرىكىلىقلار سەمىمىيلىكنى ياقتۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆز ـ بويامچىلىق قىلىپ ئالداپ بىر قېتىملىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالالىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما مەڭگۈلۈك ئالداپ ئۆتەلمەيسىز.
بۇ مېنىڭ يەنە بىر تەجرىبەم دېيىشكە بولىدۇ.

مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سەمىمىي ياردىمىگە، قوللىشىغا ئېرىشتىم. ھازىر ئويلاپ يەتسەم ئەسلى ئۇلار مېنىڭ سەمىمىيلىكىمدىن، راستچىللىقىمدىن تەسىرلەنگەن، شۇڭا ئۆزلۈكىدىنلا ماڭا ياردەم بېرىشكەن ئىكەن.

دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىمدا تىل ئوقۇشماسلىقى مېنى خېلى قىينىدى، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ شارىلداپ سۆزلىگەن كەسپىي دەرسلىرىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتىم، ئەمما مەن ھېچنېمە بىلەلمىگىنىمنى قىلچە يوشۇرمىدىم، دەرستىن چۈشكەندە گ ئەپەندىمدىن دەرسنىڭ مەزمۇنىنى خۇلاسىلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم، كېينچە ئۆتۈلىدىغان دەرسنى لۇغەتنىڭ ياردىمىدە ئالدىن كۆرۈپ كېلىدىغان بولدۇم، ئىشقىلىپ چامامنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم، بىلمىگىنىمنى

Unregistered

سوراپ ئۆگەندىم. نىھايەت تەسرلەنگەن ئوقۇتقۇچۇم ماڭا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇننى ئە ـ مائىل قىلىپ ئالدىن سىلىۋېتىدىغان بولدى! بۇنى ساۋاقداشلىرىمغا دەپ بەرگىنىمدە ئۇلار ھەيران قېلىشقان ئىدى.

تۇرمۇشۇمنى قامداش ئۈچۈن خىزمەت ئىزدىگىنىمدىمۇ، ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم، ئۇلار مېنىڭ ئىش ئىزدەپ يۈرگىنىمنى بىلىشكىنىدە مېنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغىنىمنى سوراشتى، ئەلۋەتتە مەن تېخى تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، بولالمىغىنىمنى سەمىملىك بىلەن دېدىم، ئۇلار مېنى . ئىقتىدارىم يېتىدىغان دائىرىدىكى ئىشلارنى تونۇشتۇردى، ھەر ھالدا دەسلەپكى كۈنلەردىكى تۇرمۇشۇمنى قامدىيالىغۇدەك ئىش تاپقان بولدۇم.

باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش بىلەن بىللە باشقىلارغا سەممىيلىك بىلەن ياردەم قىلىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇڭ. ياردىمىڭىز مەلۇم مەقسەت، مەنپەئەت ئۈچۈن بولمىسۇن، بەلكى سەممىيلىك بىلەن ياردەم قىلىشنى ئۆگىنىڭ.

گ ئەپەندىمنىڭ سىنىپىدا كىرىستىنا ئىسىملىك تولىمۇ چىرايلىق بىر قىز بار ئىدى، ئادەتتە بىز ئانچە پاراڭلىشىپ كەتمەيتتۇق. بىر كۈنى ئۇ قورۇنغان ھالدا ئالدىمغا كېلىپ، "ماڭا ياردەم قىلالارسىزمۇ؟" دىدى." قانداق ياردىمىم كېرەك؟ ئەلۋەتتە قولۇمدىن كەلسىلا." ئۇ جاۋابىمنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى، ئارقىدىن ئۇيغۇر شائىرى روزى سايىتنىڭ "دېھقان بولماق تەس" دېگەن شېئىرى ئېلىنغان ئۇنئالغۇ لىنتىسىنى ماڭا سۇنۇپ "مانا مۇشۇ شېئىرنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز!" بۇ 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، مېنىڭ ئىنگلىز

Unregistered

تىلىم تولىمۇ ناچار ئىدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم "سىز مېنىڭ بۇ شېئىرنى تەرجىمە قىلالمايدىغىنىمنى بىلىسىزغۇ دەيمەن!" راستىمنى دېسەم سەل ئاچچىغىم كەلگەن ئىدى. "ياق، كەچۈرۈڭ" ئۇ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى "گ ئەپەندىدىن سورىدىم، سىزنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىڭىز بەك ياخشى ئىكەن، سىز بۇنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىز، ئاندىن ئەرىك بىلەن بىرلىكتە ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلساق دېگەن ئىدىم." مەن ئەمدى ئۇنىڭ مەقسىدىنى چۈشەندىم، ھەم ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن "" لۇەتتە بولىدۇ، مەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بېقاي، لېكىن شېئىر ئۇسلۇبى ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن، ئامال بار شېئىر ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاي. ماڭا بىر ھەپتە ۋاقىت بېرىڭ بولامدۇ؟" "ئەلۋەتتە، سىزگە كۆپ رەھمەت!" "ھەققىنچۇ، قانچە بەرسەم بولىدۇ؟" "ياق پۇل ئالمايمەن، ئەمما كېيىنچە مېنىڭ ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان نەرسىلىرىمگە ياردەمدە بولسىڭىزلا بولىدۇ!" سۆھبىتىمىز شۇنداق ئاياقلاشقان ئىدى.

"تىھانكىس گىۋىڭ" (تەشەككۈر بايرىمى)دا مەكتەپ بىر ھەپتە دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى، مەن توپتوغرا ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ ئۆزۈن شېئىرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم، روزى سايىتقا بولغان چەكسىز ئەقىدەم ۋە بۇ شېئىرنى بەك ياقتۇرغانلىقىم سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، شېئىر خېلى ياخشى تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. مەن ئە-مائىل ئارقىلىق شېئىرنى ئەرىككا يوللاپ بەردىم، يەرىم سائەتتىن كېيىن ئەرىكتىن رەھمەت ئېيتىپ جاۋاب خەت كەلدى. كېيىنچە شېئىرنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى، شېئىرنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى نۇسخىسىمۇ ئاجايىپ ياخشى چىققان ئىدى. شۇنداق سابا،

تۇنجى ئەمگىكىمگە ھەق ئالمىدىم. ئەمما ئاجايىپ چوڭقۇر سەممىي دوستلۇقنى ئېرىشتىم. ھەممىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان بۇ زېمىندا مەن ئۆزۈمنىڭ سەمىمىيلىكىم بىلەن، ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولغان ئاقكۆڭۈللۈكۈم بىلەن ئەڭ سەممىي دوستلۇقنى، ياردەمگە ئېرىشكەن ئىدىم. كېيىنكى چاغلاردا نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم.

ھەشەمەتچىلىك قوغلاشماڭ، ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭ، ئەمما ئۆزىڭىزنى بەكلا تۆۋەنمۇ تۇتماڭ، ئىقتىدارىڭىزنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇڭ، ئۇلار سىزگە قايىل بولسۇن.

بۇ مېنىڭ بۇ يەردە ئالغان يەنە بىر دەرسىم بولدى دېسەممۇ بولىدۇ. مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاددىي-ساددا، ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان تۇرمۇشىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇلار مېھمانلارغا قىزغىن ئىدى، ئەمما مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىز ئۇيغۇرلاردەك بارىنى ئايىماي تۆكۈۋەتمەيتتى، بىزدەك بىر ئايلىق مۇئاشىنى خەجلەپ مېھمان چاقىرمايتتى. مەن ئوقۇتقۇچۇم ھەم ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇلار ھەر قېتىم تاماق تەييارلىغىنىدا كېلىدىغان ئادەمنىڭ سانىغا قاراپ تاماق تەييارلايدىكەن، بىزدىكىدەك "مەھماننىڭ ئالدىدىن تاماق ئېشىپ چىقمىسا سەت بولىدۇ" دەپ ھارغىچە جىق تاماق تەييارلىمايدىكەن. تەييارلىغان يېمەكلىكلىرىنى داستىخانغا تىزغاندىن كېيىن مېھماننى ئاندىن ئۈستەلگە تەكلىپ قىلىدىكەن، ساھىبخاننىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى مۇقىم بولۇپ، ئادەتتە ئۈستەلنىڭ ئىككى بېشىدا ئۆي ئىگىسى ئولتۇرىدىكەن، مېھمانلار ئۈستەلنىڭ ئىككى يېنىدىن ئورۇن ئالىدىكەن؛ ساھىبخان سىزنى تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلغىنىدا ئاۋال

Unregistered

رەھمەت ئېيتىپ ئاندىن تاماقلىنىدىكەنسىز؛ ئۇيغۇرلاردىكىدەك زىيادە زورلاش، زورلىمىسا رەنجىپ قالىدىغان ئادەت بۇ يەردە يوق ئىكەن. ئادەتتە داستىخان ئۈستىدە تاماق بىزدىكىدەك جىق ئېشىپ قالمايدىكەن، ئەگەر بەزى تامىقىنى ياقتۇرۇپ قالسىڭىز "تامىغىڭىز بەك ئوخشاپتۇ، يەنە ئازراق يېسەم بولامدۇ؟" ياكى "ئۆيدىكىلەرگە ئازراق ئەكەتسەم بولامدۇ؟"

دېسىڭىز ئۆي ئىگىسى سىزگە "زەللە يۆگەپ" بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە بەزىدە ئۆي ئىگىسى جىقراق تاماقلاردىن سىزگە "زەللە قىلىپ" بېرىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇ چوقۇم سىزدىن تاماقتىن ئەكەتكۈڭىز بار-يوقلۇقىنى تەپسىلى سوراپ ئاندىن بېرىدۇ.

ماڭا يەنە بىر تەسىر قىلغىنى "يارد سالە"(                ) بولدى. دەسلەپ كەلگىنىمدە يول ياقلىرىدىكى ئىستولبىلارغا چاپلاپ قويۇلىدىغا "يارد سالە" دېگەن ئېلانلارنى كۆرگىنىمدە ھەيران قالاتتىم. بۇنداق ئېلانلار ھەر جۈمە ۋە شەنبە كۈنلىرى ئۇچراپ قالاتتى، كېيىن ئۇقسام بۇ ئەسلى ئۆي كۆچىدىغانلار ياكى ئارتۇق نەرسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانلارنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى ئەرزان باھادا ساتىدىغانلىقى ھەققىدە چىقارغان ئېلانى ئىكەن. تېز تۇرمۇش رىتمى ئامېرىكىلىقلارنى رىقابەت ئىچىدىكى تۇرمۇشقا كۆندۈرگەن، ئۇلار ئۆزىگە مۇۋاپىق خىزمەت ئىزدەپ كۆچۈپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، مۇۋاپىق خىزمەت ئۇچۇرىنى ئالغان ھامان ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆيىنى ۋە ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلىرىنى قىلچە ئېرىنمەستىن بىرەر ھەپتە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ سېتىۋېتىپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىدىكەن، ھاجەتمەنلەر بۇ نەرسىلەرنى باھا تالىشىپ سېتىۋالىدىكەن؛ ئۆي ئىگىلىرى ئۆزلىرى بارغان شتاتتا

Unregistered

بۇ نەرسىلەرنى ماگىزىنلاردىن ياكى ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۆچۈپ كەتمەكچى بولغانلارنىڭ "گاراج بازىرى"دىن سېتىۋالىدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال ۋەتەندە زادىلا يوق ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، باللىق مەزگىلىمىزدە ئائىلىمىز ئۆرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگىنىدە ئۆيدىكى پۈتۈن جابدۇقلارنى ماشىنىغا بېسىپ ئىككى كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆرۈمچىگە كەلگىنىمىز.

ھازىر بىزدىمۇ شەھەرلەردە ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىدىغان ئادەت شەكىللەندى، لېكىن كېرەكسىز نەرسىلەرنى شۇ نەرسىلەرگە ھاجەتمەن بولغان باشقا بىرىگە سېتىپ بېرىشكە تېخى كۆنەلمىدۇق، بەلكى قانداقتۇر يىراق نامراتراق تۇغقانلىرىمىزغا بىكارغا ھەتتا زورلاپ دېگۈدەك بېرىۋېتىمىز، ئۇلارچۇ ئۆزىمىز قەدىرلەپ ئىشلەتكەن بۇ نەرسىلەرنى ئەزەلدىن چوڭ بىلمەيدۇ. ئەمما بۇ يەردىچۇ كىشىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاشۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن خېلى جايلاردىن ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ كېلىشىدىكەن. مەن "                    " سېتىش ئۈچۈن پاكىز يۇيۇپ ئېسىپ قويۇلغان نۇرغۇن كىيىملەرنى كۆرگىنىمدە دەسلەپ ھەيران قېلىپ بىر ئامېرىكىلىق ساۋاقدىشىمدىن "سىلەردە باشقىلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىنى، يەنى ئىچ كىيىملىرىنى كىيىشنى ئېگىز ئالىدىغان ئىش يوقمۇ؟" دەپ سورىغىنىمدا ئۇ ئەكسىچە مەندىن "سىلەردىچۇ؟ كىيمەيدىغان كىيىملىرىڭلارنى تاشلىۋېتەمسىزلەر؟" دەپ سورىغان ئىدى، مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا "ياق تاشلىۋەتمەيمىز، نامرات كىشىلەرگە بېرىۋېتىمىز، ئەمما ئىچكى كىيىملەرنى كۆيدۈرۈۋېتىمىز ياكى ئورۇن ـ كۆرپىلەرگە ئىچ ئەستەلىك قىلىۋېتىمىز" دېگىنىم ئېسىمدە. "بۇمۇ بولىدىغان چارە ئىكەن، بىزدە بايلارلا نامراتلارغا ئىئانە قىلىۋېتىدۇ، ئادەتتىكى پۇخرالار مانا مۇشۇنداق "                    "دا ساتىدۇ،

Unregistered

ئېھتىياجلىق كىشلەر تاللاپ سېتىۋالىدۇ". ئارقىدىن ئۇ قوشۇپ قويىدى "ئامېرىكىلىقلار باي ئەمەس، ئەمما ئىقتىسادچىل، ھەشەمەت قوغلاشمايدۇ، ئۆزىگە لازىملا بولسا ئۇ نەرسىنى قەيەردىن سېتىۋېلىشنى ئويلاشمايدۇ." شۇ كۈنى ئۇ ماڭا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك دەرس ئۆتكەن ئىدى. "بىزدىكى نامراتلىقنىڭ مەنبەسى ھەشەمەتچىلىكمۇ قانداق؟" مەن ئويلىنىپ قالغان ئىدىم.

مەن بىر چەت ئەللىك بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىۋاتاتتىم، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك جايلىرىنى ئۆگىنىۋاتاتتىم، شۇنداقلا ئۆزۈم قوبۇل قىلالمايدىغان بەزى مىجەزلىرىگە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئامېرىكىلىق دەپ ئويلىغان تۇتىدىغان ھاكاۋۇر خاراكتېرىگىمۇ قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىۋالغان ئىدىم. جۇلىيانىڭ زىيادە ھاكاۋۇرلۇقى، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىغا قارىتا قانداق تاقابىل تۇرۇش، ئۆزۈمنى قوغداشنى مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. بۇ ھەقتە ئۆتكەنكى خېتىمدە توختالغىنىم ئۈچۈن بۇ يەردە ئارتۇق توختىلىپ ئۆتمەيمەن. مەن كىشلەرگە ھاكاۋۇرلۇق قىلمىدىم، ئەمما مۇشۇنداق ھاكاۋۇر، مەنمەنچى كىشلەرگە يولۇققىنىمدا ئۆزۈمنى تۆۋەنمۇ تۇتمىدىم، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارىمنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويدۇم، ئۇلارنىڭ ئاجىز جايلىرىنىمۇ ئۆزلىرىگە تونۇتۇپ قويدۇم. بۇ ھەقتە بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلارغا يولۇققان ئىدىم، ئەمما ئۆزۈمنىڭ سەممىيلىكى، راسچىللىقى، تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئۇلاردىن ھەرگىزمۇ تۆۋەن تۇرمايدىغانلىقىمنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويغان ئىدىم. مېنىڭچە سىز بۇ جەمئىيەتتە ياشايمەن دېسىڭىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز تولىمۇ مۇھىمدۇر.

Unregistered

شۇنداق سابا، بۇ يەردىكى ھايات كۆرەش ئىچىدىكى ھاياتتۇر. بۇ يەردە سىز تىرىششىڭىز؛ مۇستەقىل ھالدا قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز؛ شۇنداقلا ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇش رىتىمىغا ماسلىشىشىڭىز؛ ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مىجەز-خاراكتېرلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز تولىمۇ زۆرۈردۇر.

خوش، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك يازاي، ئامان بولۇڭ.

لالە - - -

- 19

سالام سابا،

UnRegistered

خىتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم.

سىزنىڭ چەت ئەلدە بىلىم ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىلىم ئېلىش يولىدا دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە بۇلارنى ھەل قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىغا قىزىقىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن.

90-يىللاردىن بۇيان چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تېزلىكتە كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ، جۈملىدىن ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەردە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.ئۇلار ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر مائارىپى ۋە پەن تېخنىكىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ۋەتەندىكى ياشلىرىمىز ياخشى بىلىدۇ، ئۇلار ھەققىدە بۇ يەردە ئارتۇقچە توختىلىپ ئۆتمەيمەن.

مەن بۈگۈن پەقەت ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان ئۆزۈم بىلىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىلىم ئېلىش يولىدا ئۇچرىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرى ۋە ئۇنى يېڭىش يولىدىكى

Unregistered

تىرىشچانلىقلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ھازىر ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 100دىن ئاشىدىكەن، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى ستاتىستىكا قىلىپ چىقىشقا تېخى ۋاقىت چىقىرالمىدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرى ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ھەققىدە ئۆزۈم ئاڭلىغانلىرىمنى ياش دوستلىرىمغا سۇنماقچىمەن. ئادىل ئەپەندى قانۇن پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇقنى تۈگىتىپ، ھازىر ئامېرىكىدىكى مەلۇم ئادۋوكاتلار باشقارمىسىدا ئادۋوكاتلىق قىلىۋېتىپتۇ. تاسادىپى پۇرسەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ تۇنجى ئۇچراشقاندىلا سورىغان سوئالى "قانداق، ئوقۇماق تەسمىكەن؟" دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مەن ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنىڭغا ئۇدۇللا جاۋاب بەردىم، "شۇنداق، بەك تەس ئىكەن، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا ئوقۇماق...". "توغرا دەيسىز، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇماق ھەقىقەتەن تەس، بۇ كۈنلەرنى مەنمۇ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىدىم، راستىمنى دېسەم مەن مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇشنىڭ ھەقىقىي قەدرىگە يەتكەن بولدۇم، شۇڭا 35 ياشقا كىرگىنىمدە ئوقۇش قارارىغا كېلىپ، مانا ھازىر دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدىم. بۇ يىللاردا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىمنى سۆزلەپ كەلسەم بىر كۈنچە ـ كۈندۈزمۇ يەتمەيدۇ... ئەمما ھازىر بۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى يەنىلا ئامېرىكىلىق ساۋاقداشلىرىمنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تىرىشچانلىقى! مەن ۋەتەندىكى چېغىمدا ئۆزۈمنى قالتىس ئەقىللىق

Unregistered

ھېسابلايتتىم، بىر نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرگەن كۈنلىرىمنى قاتتىق ئۆگىنىۋەتتىم دەپ قارايتتىم. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چېغىمدا ئانچە تىرىشچان ئوقۇغۇچىلاردىن ئەمەس ئىدىم، ماڭا نىسبەتەن دەرسلەر شۇنچە يېنىك تۇيۇلاتتى.ئۆرۈمچىدە چوڭ بولغىنىم ئۈچۈن خەنزۇ تىلى مەخسۇس كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان ماڭا دەرسلەر ئەزەلدىن ئېغىر تۇيۇلۇپ باقمىغان ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە ئاشۇ تۆت يىل جەرياندا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا ئاران ئىككى قېتىم كىرگەن ئىكەنمەن، ئەمما بۇ يەردە دوكتورلۇقنى ئوقۇش جەرياندا كۇتۇپخانىغا كىرمىگەن كۈنۈم پەقەت ئىككى كۈنلا بولدى!..چۈنكى ھەر سائەتلىك دەرستە ئاشۇ مەندىن خېلىلا كىچىك بولغان ئامېرىكىلىق ساۋاقداشلىرىمنىڭ قىزغىنلىق بىلەن مۇنازىرىگە قاتنىششى، ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر ئۇچقۇر، شۇ قەدەر دادىللىق بىلەن ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مېنى ھەم ھەيران قالدۇراتتى، ھەم ئۆزۈمنىڭ ئۇلار ئالدىدا شۇنچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قوياتتى... ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاشۇ دەرىجىدىكى پىكىر ئىقتىدارى ئەقلىمنى لال قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلاردىن قالماسلىق ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشاتتىم..."

ئۇنىڭ دېگىنى ھەققەت ئىدى! مەن بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەن چېغىمدا گ ئەپەندىنىڭ ئاشۇ ئاسپىرانتلارغا دەرس ئۆتكەن چېغىدىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر سائەتلىك دەرستە شۇ قەدەر جانلىق، شۇ قەدەر پىشقان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا

Unregistered

قويغانلىقىنى ھەر سائەتلىك دەرسنىڭ قىزغىن مۇنازىرە كەسكىن تالاش ـ تارتىش ئىچىدە ئۆتكىنىنى كۆرگىنىمدە ھەيران قالغان ئىدىم. ئەمما ھازىر قىلچىمۇ ھەيران قالمايدىغان بولدۇم، ھازىر مەن تولۇق كۇرسنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىنگلىز تىلى كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن، ئۇلار ئاسپىرانتلار ئەمەس، ئەمما ھەر سائەتلىك دەرسىمىز ئوخشاشلا قىزغىن مۇنازىرە، تالاش ـ تارتىش ئىچىدە ئۆتىدۇ. مەنمۇ **13** يىللىق ئوقۇتقۇچى، ئەمما مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمدا ئەزەلدىن بۇ خىل قىزغىن مۇنازىرە بولۇپ باققىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئەلۋەتتە بەزى چاغلاردا ئايرىم مەسىلىلەر ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارنى مۇنازىرە قىلىشقا، ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشقا ئۇيۇشتۇراتتىم، ھەر قېتىم پىكىر قىلىدىغانلار ھامان ئاشۇ مۇقىملىشىپ قالغان بىر نەچچە ئوقۇغۇچىم بولاتتى خالاس!

مانا ھازىر مەن ئوقۇۋاتقان سىنىپ ئىنگلىز تىلى كەسپى سىنىپى بولۇپ، دەرسلىرىمىز، ئاڭلاش ـ سۆزلەش، ئوقۇپ چۈشىنىش، گىرامماتىكا، يېزىقچىلىق دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچىمىز **5** مىنۇتچە بۈگۈنكى دەرسنىڭ ئاساسى مەقسىتىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تۈنۈگۈنكى تاپشۇرۇق ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ، ھېچكىمنىڭ ھەرقانداق باھانە بىلەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەسلىكىگە ھەددى ئەمەس، چۈنكى دەرس نەتىجىڭىز ئاشۇ تاپشۇرۇق ئەھۋالىڭىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاندىن تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانىدا ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچى مانا مۇشۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش جەريانىدا سىزنىڭ بۇنىڭغا بولغان قاراشلىرىڭىزنى سوراپ تۇرىدۇ، يېڭى دەرس مەزمۇنىنى سۆزلەپ بولۇپلا

Unregistered

ئوقۇغۇچىلارنى مەشقلەرنى ئىشلەشكە ئۈيۈشتۇرىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ... مانا بۇ خىل دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئەلۋەتتە هەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالىدۇ... مەن ئاشۇ مەندىن كىچىك بولغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارقىدا قالماسلىق ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىششقا مەجبۇر ئىدىم. مانا بۇ بىزگە بۇ يەردىكى ئوقۇشنىڭ كەسكىن رىقابەت ئىچىدىكى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئوقۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

دىلباھار، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇ ئەنگلىيىدە 9 يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىرى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ئىكەن، ئۇ بىر دوستىغا يازغان خېتىدە" مەن بۇ ئوقۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدىم، نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلدىم، ئەمما مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرزىيدۇ!" دەپ يازغان ئىكەن. قۇتلۇق، ئۇنىڭ بىلەن كەسپداش دېيىشىمىز بولىدۇ. ئەمما ئۇ ۋەتەندىكى چېغىدىلا ئىنگلىز تىلىغا ناھايىتى پىششىق بولۇپ، تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن بۇ يەردە ماگىستىرلىقنى قايتا ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇنى تەلىيى كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما بىر كۈنى ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى ئۇچرىغان مەسىلىلىرىنى

Unregistered

سۆزلەپ كېلىپ: "تىرىشمىسام بولمايدۇ! ھەممە دەرسلەردىن "ئا" ئالمىسام ئوقۇش مۇكاپاتىمنى توختىتىۋېتىشى مۇمكىن! شۇڭچە تىرىشىۋاتىمەن، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ھەر ۋاقىت ئاشۇ ساۋاقداشلىرىمغا تەڭ كېلەلمەيۋاتقانلىقىمنى، ئۆزۈمدە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپلا تۇرىمەن! ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ ئوخشاشلا دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىشلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ قايسى چاغلاردا ئۆگىنىپ بولىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن!" دېگەن ئىدى.

رەيھان، ئۇ 30 ياشلاردا بولسا كېرەك.ئۇ ئامېرىكىغا كەلگىلى 9 يىل بولۇپتۇ. ئادەتتە كۈلۈپلا يۈرىدىغان بۇ چىرايلىق قىز تۇنجى كۆرۈشۈمدىلا ماڭا ئاجايىپ ياخشى تەسىر قالدۇرغان ئىدى، ئۇ رازىيەنىڭ ئەكسىچە قىزغىن، گەپدان مىجەزى ئوچۇق قىز ئىدى.

UnRegistered

ئۇ مېنىڭ ئوقۇماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ،"بەك ياخشى ئويلاپسىز! بۇ يول ھەقىقەتەن بەك تەس، لېكىن ئوقۇشتىنمۇ ئارتۇق ھۇزۇر بولمىسا كېرەك. مەن 21 يېشىمدا بۇ يەرگە كەلگەن ئىدىم، كەلگەن چېغىمدا بىر ئېغىزمۇ ئىنگلىزچە سۆزلىيەلمەيتتىم دېسەم بولىدۇ. يولدىشىمنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇم، ئىشلەش جەريانىدا تىلىم چىقتى، كېيىنچىرەك دوختۇرخانىدا سېستىرالار ياردەمچىسى بولدۇم، ئاشۇ جەريانىدا بىر تەرەپتىن

ئىشلەپ بىر تەرەپتىن سېستىرالار مەكتىپىدە ئوقۇپ كېيىن "سېستىرالىق گۇۋاھنامىسى" ئالدىم، بۇنىڭغا 6 يىل كەتتى، مانا ھازىر "دورىگەرلىك" كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن. 9 يىل بوپتۇ، مەن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن ئوقۇۋاتقىلى."

نىشان مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى، ئۇنىڭ ئايالى راملە بولسا ئۇنىڭ تېببىي ئىنستىتۇتتىكى ساۋاقدىشى بولۇپ، ئۇلار ۋەتەندىكى چېغىدا خېلى ئوبدان دوختۇرخانىلاردا دوختۇر ئىدى، ھازىر بۇ يەردە بىر تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋېتىپتۇ. "بىز ھەر ھالدا ئۆز كەسپىمىزنى تاپتۇق دېسەك بولىدۇ، ئەمما مۇشۇ كۈنگە ئېرىشكۈچە نۇرغۇن تەر تۆكتۇق" مانا بۇ نىشاننىڭ مەن بىلەن تۇنجى كۆرۈشكىنىدە دېگەن گېپى. "مەن ۋەتەندىكى چېغىمدا، ئۆزۈمنى قالتىس چوڭ دوختۇر ھېسابلايتتىم، ھەر قېتىملىق ئوپېراتسىيەدىن چىققىنىمدىن كېيىن، بىمارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ مېھمان قىلىشىدا بولاتتۇق، راست "قىزىل بولاق ئالمايمىز" دېگەن شوئارىمىز بار ئىدى، مەنمۇ ئۆز كەسپىي ئەخلاقىمدا ئەزەلدىن ئۇ نەرسىنى ئېلىپ باقمىدىم دېسەم بولىدۇ، لېكىن مېھماندارچىلىقىمىز ئۈزۈلمەيتتى، قانچە كېچىلەرنى ئاشۇ مېھماندارچىلىقلاردا بىھۇدە ۋتكۈزۈۋەتكىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، تىرىشىپ كىتاب كۆرگەن، ئىزدەنگەن چاغلىرىم ئاز ئىدى... ئەمما ھازىر بىر كۈنمۇ كىتاب كۆرمەي ئۆگەنمەي ئۆتكۈزەلمەيمەن ۋاقتىمنى ھازىر "دوختۇرلۇق كىنىشكىسى" ئېلىش ئۈچۈن ئۆگىنىۋاتىمەن، ئەمما بۇ ئۆگىنىش مەكتەپتە ئەمەس بەلكى ھەر كۈنى ئىشتىن

Unregistered

ھېرىپ قايتقىنىمدا ئۆيۈمدە تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغدا بولۇۋاتىدۇ..."

سابا، مېنىڭ بۇ يەرگە بىر يىللىق "ۋىزىتىڭ سچولار" بولۇپ كېلىپ، نېمە ئۈچۈن يەنە داۋاملىق ئوقۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ بۇ يەردە قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەندۇر دەپ ئويلايمەن.

چۈنكى مەن بۇ يەردە بۇ مۇددەتتىتا ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر ئارقىدا قالغىنىمنى، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، تېخىمۇ چۈشىنىپ يەتتىم...گەرچە ئوقۇيدىغان، بىلىم ئالىدىغان ئەڭ ياخشى چاغلىرىم ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قويۇۋەتكۈم كەلمىدى، تىرىشىپ بېقىشنى، ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ئوقۇشنى باشقا ئېلىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم، گەرچە بۇ يول شۇنچە جاپالىق بولسىمۇ...

خوش ئامان بولۇڭ.

كېيىنكى خېتىمدە "ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشىم"نى

Unregistered

سىزگە يوللاپ بېرىمەن.

- - لالە

- 20

سالام سابا،

ئۆتكەنكى خەتلىرىمدە سىزگە ئۆزۈمنىڭ ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىمنى يوللىغان ئىدىم،مانا ئەمدى بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ئۆزىرىشى، ئىنگلىز تىلى سەۋىيەمنىڭ بارغانچە ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ئىندىئانلار تۇرمۇشى، تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم...

UnRegistered

ئەمما نېمىسنى دەي، ئۇلار ھەققىدە بىلگەنلىرىم قانچە جىق بولغانسېرى كۆڭلۈم شۇنچە پەرىشان بولىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ئوقۇيانلار ئاتلاپ، يېقىن قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ، گەرچە تۇرمۇش ئادىتى، مەدەنىيىتى ئوخشىمىسىمۇ ئەمما ئېتىقاتى، پىسخىكىسى بىز بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئامېرىكىنىڭ بۇ ئەسلى يەرلىك ئاھالىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسىدا بۇ زېمىنغە قەدەم باسقان ئىدىم. توغرا، ئۇلارغا بولغان قىزىقىشىم بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالغىنى يوق، نېمە ئۈچۈندۇر تارىخ سەھنىسىدە ئۆز رولىنى يوقىتىۋاتقان، مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇش، ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئىنسانلار توپىغا شۇنچە مېھرى-مۇھەببىتىم بارلىقىغا بەزىدە ھەيران قالىمەن.

مېنىڭ ئىندىئانلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاۋاتقىنىمنى بىلگەن رازىيە بىر كۈنى نارازى بولغان ھالدا "نېمە قىلىسىز ئۇلار ھەققىدە شۇنچە ئىزدىنىپ؟ ئەرزىمدۇ، مورگاندىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان غەرب ئالىملىرى ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ بولغان، ئۇلار ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلار يېزىلدى، نۇرغۇن ماقالىلار ئېلان قىلىندى، ئەجەبا بۇلار يەتمەمدۇ؟! ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازسىڭىز بولمامدۇ..."

ئۇ توغرا دەيتتى، ئامېرىكىدىكى بۇ يەرلىك ئىنسانلار توپى ھەققىدە ھەقىقەتەن نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان، سانسىز كىتابلار يېزىلغان ، ھازىر بۇ تېما ئامېرىكىدا ئۇنچە قىزغىن تېمىلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىندىئانلار ھەققىدە كۆپ سۆزلىگۈسى كەلمەيتتى، كۆپىنچە كىشىلەر بۇ تېمىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى.

Unregistered

ۋاشنگتوندىكى چېغىمدا ۋەتەندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ، مەن تولىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بىر تارىخشۇناس ئاكىمىز مېنىڭ ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە قىزىقۋاتقىنىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلدى ۋە ماڭا"ئىندىئانلار ھەققىدە ئىزدىنىۋېتىپسىز ، ھەقىقەتەن بۇ تولىمۇ ياخشى ئىش ، ئۇلار ھەققىدە مەنمۇ جىق ئىزدەنگەن ۋە ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدىغان بەزى مەسىلىلەرنىمۇ بايقىغان ئىدىم ، ئەمما كېيىن بۇ تەتقىقاتىمنى پۈتۈنلەي توختاتتىم! مېنىڭچە بۇ ئىشىڭىزنى تارتىڭ!" ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى خېلىلا قاتتىق ئىدى ، مەن كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئەمما يەنىلا قايىل بولمىغان ھالدا ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىدىم "نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز ، مەن ئۇلارنىڭ "شامان دىنى" ئېتىقادىغا ئائىت مەزمۇنلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قېلىۋاتقان بەزى ئەتىقاد ئادەتلىرى بىلەن تولىمۇ يېقىن بولغان نەرسىلەرنى بايقاۋاتىمەن ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزى "شامان ئۇسسۇللىرى" بەئەينى بىزنىڭ "باخشىلارنىڭ پىرە ئويۇنىشى"نىڭ ئۆزى ئىكەنغۇ؟!" "توغرا دەيسىز ، بەلكىم سىز ئويلىغاندىنمۇ جىق مەسىلىلەردە ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ . . . ئەمما ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئىلىك ئالسىڭىز بۇ تەتقىقاتنى توختىتىڭ ، ئۇلارنى چۈشەنگەنسېرى ، ئۇلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىڭىز قانچە كۆپەيگەنسېرى شۇنچە كۆڭلىڭىز يېرىم بولىدۇ . . ." ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتكەن ئىدى . ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتى ئاشۇنداق كۆڭۈلسىز ئاياغلاشقىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە . . .

مانا ھازىر ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ماڭا دېگەن ئاشۇ خىل كەيپىيات مەندە

Unregistered

ئىپادىلىنىۋاتاتتى. . . شۇ تاپ كۆڭلۈم بەكلا يېرىم، يىغلىغۇملا كېلەتتى. . . "تووۋا نېمىشقا بۇنداق بولىمەن" دەيتتىم ئۆزۈمگە، "بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخقۇ ئاخىر، ئامېرىكا ئىندىئانلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنچىلىك يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ يوق، ئۇلار 10 000 يىللار ئىلگىرى سەبىرىيەدىن بۇ زىمىنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ، بىزگە ئوخشىمىغان بىر مەدەنىيەت ئالىمىنى يارىتىپتۇ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا مەدەنىيتى بىلەن ھېچقانداق يېقىنلىقىمۇ يوق ئۇلارنىڭ! كولۇمبۇ بۇ زېمىنگە قەدەم بېسىپ ئۇلارنى خاتا ھالدا "ئىندىئانلار" (ھىندىستانلىقلار) دېگەندىن كېيىنلا ئاندىن مەدەنىيلىك ئالىمى ئۇلارنى تونۇدى، ياۋروپا كۆچمەنلىرى بۇ زېمىنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنى دۇنيا "ياۋايى مىللەتلەر" دەپ تونۇدىغۇ. . . ئۇيغۇرلار بولسا ئاز كەم 2000 يىلدىن بۇيان مەركىزىي ئاسىيا زېمىندا ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ كېلىۋاتقان بىر »مەدەنىي مىللەت«، ئۇلار بىلەن ھېچقانچە باغلىنىشى يوق. . . نېمە ئۈچۈن »ئىندىئانلار قىسمىتى« ئۈچۈن ياش تۆكۈسەن، كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدۇ؟. . ." ئۆزۈمدىن شۇنداق سوئاللارنى سورايتتىم، ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم، ئەمما ئۇلارنىڭ يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ياراتقان شانلىق "مىيامى مەدەنىيتى" كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپادىن كۆچۈپ كەلگەن يېڭى كۆچمەنلەر "ئاقلار" تەرىپىدىن دەھشەتلىك قىرغىن قىلىنغان ئېچىنىشلىق تارىخىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلەتتى. . .

مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئۆز قىسمەتلىرىنى خۇلاسىلىگەن بىر كىتابىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. بۇ كىتابنى باشلىغىنىمغا بىر ئاي بولغان بولۇپ، بۈگۈن تولۇق تۈگەتتىم، دەسلەپكى كۈنلەردە لۇغەتنىڭ ياردىمىدە چۈشەنمىگەن سۆزلۈكلەرگە

بەلگە ئۆرۈپ يېنغا تەرجىمىسىنى يېزىپ ماڭغان ئىدىم، ئەمما كىتابقا قاتتىق بېرىلىشىم كېيىنكى چغلاردا سۆزلۈكلەرنىمۇ تاشلاپ كېتىدىغان ھالەتكە يەتكۈزدى، ئەسلى يەرلىك ئاھالىدىن بولغان ئاپتورنىڭ چوڭقۇر ھاياجان، ئاجايىپ سەممىلىك بىلەن يازغان ھەر بىر جۈملىسى مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغان ئىدى.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى M. . لۇھان بولۇپ، ئۇ 1971 ـ يىلى "تۇئۇچ تىھە ئەئارتھ" ("زېمىننى قۇچاغلاش" ياكى " يەرنى تۇتۇۋېلىش"دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن) دېگەن نامدا بۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شۇ يىلى ئامېرىكىدا »ھاللىداي لىتھوگراپھى ورپوراتىئون« نەشرىياتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان، 1972 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بۇ كىتاب 6 قېتىم قايتا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئاشۇ يىلى ئامېرىكىلىقلار ئەڭ قارشى ئالىدىغان كىتابقا ئايلانغان، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ئامېرىكا ۋە كانادادا بۇ كىتاب ئەڭ بازارلىق كىتاب بولۇپ قالغان!

ئاجايىپ گۈزەل نەسرىي تىل بىلەن يېزىلغان بۇ كىتابتا ئامېرىكىدىكى بۇ يەرلىك ئاھالە ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ تىلى بويىچە "ئىندىئانلار"نىڭ، يېڭى كۆچمەنلەر "ئاقلار" تەرىپىدىن قانداق قىرغىن قىلىنغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قانداق كەمستىلگەنلىكى، ئۇلار نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تىرىشىپ بەرپا قىلغان بارلىق بايلىقلىرىنىڭ يېڭى كۆچمەنلەر تەرىپىدىن قانداق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغانلىقى، ئۇلار قەدىرلىگەن ئۇلار ئەزىزلىگەن بۇ زېمىنىنىڭ "ياۋروپا كۆچمەنلىرى"نىڭ كۆپلەپ بوز يەر ئېچىشى، تەرىقچىلىق

UnRegistered

قىلىشى نەتىجىسىدە قاقاسلىققا ئايلانغانلىقى، دەرەخلەرنىڭ كېسىلىپ، ئۇلار قەدىرلەيدىغان، تېۋىنىدىغان "ئورمان ئىلاھى"نىڭ، بۇ زېمىندىن كېتىپ قالغانلىقى، ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان "ئاق بۆركۈت"نىڭ بۇ زېمىننى تاشلاپ كەتكەنلىكى، ئۇلار قەدىرلەيدىغان، ئۇلارغا ھاياتلىق بەخش ئەتكەن ئانا دەريا مىسسىسىپى ۋە ئامازون دەريالىرىنىڭ قانداقلارچە ئاپەت دەريالىرىغا ئايلانغانلىقى، ئۇلار مۇقەددەس بىلىدىغان روككي تېغىنىڭ توختىماي قېزىلىش نەتىجىسىدە قۇرۇقدالغانلىقى ئاپتورنىڭ قان-ياش بىلەن پۈتۈلگەن ھەر بىر سۆزىدە، كۆڭۈلنى لال قىلغۇدەك ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلىنغان ئىدى...

ئاپتور كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى شۇنداق باشلايدۇ: "بىز ئەزەلدىن مۇھتاجلىق ۋە ئاچارچىلىق ئازابىنى تارتىپ باقمىغان ئىدۇق... روككي تېغى ۋە مىسسىسىپى دەرياسى بىزگە تۈگىمەس بېلىقلار، شىرىن مېۋىلەر، تەملىك پۇرچاق، كاۋا، تاتلىق ئۈزۈم ۋە قوناقلارنى بېرەتتى... ئانىلىرىمىز مېۋىلەردىن شىرىن شەربەتلەرنى تەييارلايتتى... كەنتلىرىمىز ئورمان ئارىسىدا، "ئورمان ئىلاھى" ئورمانلىقتىكى بارلىق ھايۋانات ئۇچار قۇشلارنى -- بىزنىڭ دوستلىرىمىزنى ۋە بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايتتى، بىز ئاشۇ گۈزەل ئورمانلىقتا ئانا دەريا بويىدا، روككي تېغى باغرىدا قۇشلارنىڭ ناخشىسىغا جۆر بولۇپ، ئورمانلىقتىكى دوستلىرىمىز ئېيىق، يىلپىزلار بىلەن دوست بولۇپ خاتىرجەم ئىناق ياشايتتۇق... بىز شۇنچە غەمسىز ئىدۇق..."

"...ئۇلار كەلدى... ئاقلار كەلدى"... بىز "كۆركە توخۇ "كاۋپى بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىلدۇق، "شامان"لىرىمىز ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى، ئۇلارنى

Unregistered

ئىسسىق چېدىرلىرىمىزغا باشلىدۇق، مېھمان قىلدۇق، كۈتتۇق... ئۇلار مىننەتدار بولۇپ ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى... بۇ ياخشىلىقىمىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىشتى... توغرا، ئۇلار بۇ ياخشىلىقىمىزنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمىدى 400 يىلدىن بۇيان ھەر يىلى »مىننەتدارلىق بايرىمى« ئۆتكۈزۈپ كېلىشىۋاتىدۇ، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇلار ئۇچۇن مۇقەددەس كۈن، ئۇلار "كۆركە توخۇ" يېيىش ئارقىلىق يەرلىك خەلقلەرگە بولغان مىننەتدارلىقىنى ھېلمۇ بىلدۈرۈپ كېلىشىۋاتىدۇ!

"...ئەمما كېيىن ئۇلار تۈركۈملەپ ـ تۈركۈملەپ بۇ زېمىنگە كۆچۈپ كېلىشتى، دەسلەپ بىزدىن ئولتۇرغۇدەك ئۆي، قورسقى تويغىدەك تاماق سورىدى... بىز قوناق، پۇرچاق، كاۋا، بېلىق، ياڭيۇ بىلەن ئۇلارنىڭ قورسقىنى تويغۇزدۇق... ئانىلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىز ئۇلارغا كەندىر ۋە قوي يۇڭىدىن توقۇلغان ئىسسىق ئەدىياللارنى توقۇپ بەردى، ئەرلىرىمىز ئۇلارغا كالا تەرىسىدىن ئىسسىق چېدىرلارنى قۇرۇپ بەردى... ئەمما ئەمما ئۇلار ئورمانلىقتىكى دەرەخلىرىمىزنى كەسمەكچى بولۇشتى... بۇ دەرەخلەردىن ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى ياسايدىغانلىقىنى دېيىشتى... بىز "ئورمان ئىلاھى "غەزەپلىنىدۇ، ئۇنداق قىلماڭلار " دېدۇق، ئۇلار ئۇنىمدى، دەرەخلەرنى كەستى، ئوت ـ چۆپ گۈل ـ گىياھلارنى چەيلىدى... ئورمان بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرى ئىدى... ئەجداتلىرىمىز ئورمانلار ئارىسىدا ئاشۇ ھەر بىر تۈپ دەرەختە بىزگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ ئىدى... ئەجداتلار روھى قورۇندى... ئورمان ئىلاھى غەزەپلەندى، گۈل ـ گىياھلار يىغلىدى... ئۇلار ئورمانلىقتىكى دوسلىرىمىزنى ھايۋاناتلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئوۋلىدى، ئۇلارنى تۇتۇپ يېيىشكە

Unregistered

باشلىدى. . . زېمىن بۇ قىرغىنچىلىقنى كۆتۈرەلمىدى. . . زېمىن ياش تۆكتى. . . ئاپەت يېتىپ كەلگەن ئىدى. . .

بىز ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىدىن يىرگەندۇق. . . ئۇلارغا دەسلەپ نەسىھەت قىلدۇق، ئاگاھلاندۇردۇق. . . يالۋۇردۇق، ئۇلار پەرۋا قىلمىدى. . . نىھايەت ئۇلار بىزگە بۇ زېمىننى ئۆزلىرىگە بېرىشىمىزنى بۇ يەردىن يىراققا، يەنىمۇ يىراققا كېتىشىنى بۇيرۇدى. . .بىز ھەيران قالدۇق. . . ئىسەنكىرىدۇق. . . غەزەپلەندۇق. . . زېمىنىمىز ئۆچۈن، مۇقەددەس روككىي تېغى ئۆچۈن، ئورمان ئىلاھى ئۆچۈن، دەريا ئانىمىز ئۆچۈن ئۇلار بىلەن ئېلىشتۇق، قانلىرىمىز دەريا بولۇپ ئاقتى. . . ئانا زېمىنىمىز ئازاب ئىچىدە ئىڭرىدى. . . بىز ئورمان ئىلاھىدىن يىراققا، يىراق ۋادىلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. . . ئۇلار بىزدىن تېچلىق تەلەپ قىلىشتى. . . بىزگە يېڭى ماكان يېڭى زېمىن ھازىرلاپ بېرىشتى. . . ئەمما بىزنىڭ بۇ يەرنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقىمىزنى سوراپمۇ قويۇشمىدى. . . بىزنى مۇشۇ جايدا مۇشۇ يېڭى ماكاندا يۇۋاشلىق بىلەن ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئاڭلىشىمىزنى ئۇلارغا سەجدە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىشتى. . . بىزگە ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن "مەدەنىي ئەل"نىڭ نورمۇش ئادىتىنى ئۆگىنىشكە، ئۆزلىرىدەك ياشىشىمىزنى، ئۇلاردەك زوۋاندا سۆزلىشىشىمىزنى، ئۇلاردەك غىزالىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىشتى. . ."

كىتابتىكى ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر سۆز يۈرەكنى ئېزەتتى. . . شۇ تاپ كۆز ئالدىمغا ئانا دەريا تارىم دەرياسى، ئانا ماكان تەكلىماكان، ئىلى دەرياسى، تەڭرى تېغىمىز كېلىشكە باشلىدى. تارىم ۋادىسىدىكى ئالتۇنرەڭ

Unregistered

توغراقلىرىمىزنىڭ بوز يەر ئېچىلىپ "كېۋەز تېرىش ئۈچۈن كېسىلگەن چاغدىكى دەھشەتلىك مەنزىرە، قاناس كۆلى بويىدىكى ئەخلەتكە تولغان قارىغايلىقلار، تەلكە تاغلىرى ئىچىدىكى كولانغان مېھرگىياھ، چۈچۈكبۈيىلار، قۇملىشىپ كەتكەن تارىم ۋادىسى، سۈيى قۇرۇغان لوپنۇر كۆلى... گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

شۇنداق، بىزمۇ ئانا دەريانى مۇقەددەس بىلەتتۇق، سۇ ئىلاھىغا چوقۇناتتۇق، چۈنكى ئۇ پاكلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى، تەڭرىنى مۇقەددەس بىلەتتۇق، شۇڭا تاغلىرىمىزنى قەدىرلەپ "تەڭرى تېغى" دەپ ئاتايتتۇق، ئورمان ئىلاھىدىن ئەيمىنەتتۇق، شۇڭا دەرەخلىرىمىزنى كەسمەيتتۇق...

تۇۋا ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت قاتلىمى... ئەمما ئوخشاش ئېتىقاد، ئوخشاش پسىخىكا، ئوخشاش ...!... كىتابتىكى ھەر بىر بايان مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى، ئاپتور يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيان ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ھەر بىر تارىخىي ۋەقەلەرنى ئىزاھ شەكلىدە باش قۇردا بېرىپ، ئارقىدىن ئاشۇ مەزگىلدىكى "ئىندىئانلار"نىڭ بۇ خىل قىسمەتلەرگە بولغان ئىنكاسىنى يازغان ئىدى. نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان بۇ ئەسەر "ئىندىئان"لارنىڭ قان ـ ياش بىلەن پۈتۈلگەن تارىخى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ خىل قىسمەتكە دۇچار بولغانلىقى ھەققىدە ئىزدەنگەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىشقا تىرىشقان ئىدى. شۇنداق سابا، كىتاب مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. خىيال كەپتىرىم ئىندىئانلار تۇرمۇشىدىن ھالقىپ ۋەتىنىمگە ـ ـ ـ ئۇيغۇر ئېلىگە كەتكەن ئىدى... تارىخ رەھىمسىز، ئۇ كىشىلەرگە ھەر خىل قىسمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا، مىللەتنىڭ

Unregistered

تەقدىرى كېلەچكى ئۆز قولىدا . . .

مەسىلە ئاشۇ تۈرلۈك قىسمەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، دۈچ كېلىۋاتقان كەلگۈندەك يامراپ كېلىۋاتقان يات مەدەنىيەت ئالدىدا ئۆزىگە خاس بولغان ئەسلى مەدەنىيەت، ئەسلى ئەنئەنىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى تارىخ سەھنىسىگە ماس ھالدا يېڭىچە روھ بىلەن سۇغىرىش مەسىلىسى بولسا كېرەك.

خوش سابا،

ئىندىئانلار ھەققىدىكى بايانلىرىم توگىمىدى، ئۇلار ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى داۋاملىق سىزگە يوللايمەن.

ئامان بولۇڭ.

ـ ـ لالە

ـ 21

سالام سابا:

دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئامېرىكا جەمئىيىتىدە

ـ رەڭ مەدەنىيەت، رەڭگارەڭ ياشاش ئۇسۇلى؛ ئوخشىمىغان كۆزقاراش ئىدىيىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلغان بولۇپ، سىز بۇ يەردە

ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايسىز. ئامېرىكىلىقلار ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى خاس ناملار بىلەن ئاتاشقائادەتلەنگەن.

سىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەر ۋاقىت "ئىندىئان ئامەريان"- "ئافريان ئامەريان"- "لاتىنو ئامەرىكان""سپانىش ئامەرىكان"- "جاپانىسە ئامەرىكان"- "كورىيان ئامەرىكان"- "-ارابىي ئامەرىكان"- "چىنەسە ئامېرىكان".... دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن كۆچمەنلەرنى ئاتىغانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىسىز، بۇنداق ئاتالغۇلارنى ئاڭلىغىنىڭىزدا ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ.

ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خىلمۇ-خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى بۇ دۆلەتتە ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋىلىكنى ساقلىغان ھەم باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان ھالدا ئەركىن تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

مەن بۇگۈنكى خېتىم ۋە بۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە پارچە خېتىمدە ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يەنە بىر كىشىلەر توپى"ئامىش" لار ھەققىدە توختالماقچىمەن. ئىشىنىمەنكى ياش دوستلىرىم بۇلارغا قىزىقسا كېرەك. ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە ئۇلارنى "پلائىن پەئوپلە"(ئاددى كىشىلەر ياكى

- سىز كىشىلەر دېگەن مەنىدە) دېيىشىدۇ.

ھازىرقى زامان ئامېرىكا جەمئىيىتىدە "ئامىش"لار يەنىلا 17-18-
ئەسىرلەردىكى ئەنئەنىۋى "ناتۇرال ئىگىلىك"كە تايىنىپ ياشاۋاتقان بولۇپ،

ئۇلار
ياشغان جايدا "زامانىۋى ئامېرىكا جەمئىيىتى"نىڭ هېچقانداق ئىزنالىرىنى
تاپالمايسز ، ئۇلار هازىرقى زامان مەدەنىي تۇرمۇشدىن خالىي هالدا ،
هېچقانداق
ئېلېكترونلۇق ئەسلىھەلەرنى ئىشلەتمەستىن ، ماتورلۇق قاتناش قورالىلىرىدىن
پايدىلانماستىن ، يېڭىچە مائارىپ ، يېڭىچە تەتقىقاتتىن مۇستەسنا هالدا
، بېكىنمە هالەتتە ئۆزگىچە ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىۋالغان! ـ دۇنيا
مەدەنىيىتىنىڭ ئاۋانگارتى ، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ سەركىسى دەپ قارالغان ئامېرىكىدا
"ئامىش"لار دۇنياسىنى "بېگانە ئارال "دېيىش مۇمكىن.

دەرس باشلىناي دەپ قالدى ، خېنىمنىڭ داۋامىنى سىزگە ئەتىلىككە
يوللاي ، ئامان بولۇڭ
ـ 22

سالام سابا ،

بۈگۈن ئامىشلار هەققىدىكى بايانىمنىڭ داۋامىنى يازماقچىمەن.
ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئامىشلارنىڭ ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان
هالدا
مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس!
300 يىلدىن بۇيان ئامىشلار ئۆزگىچە هاياتلىق پەلسەپىسىگە تايىنىپ

UnRegistered

ئامېرىكا جەمئىيىتى00 "يېگانە ئارال"نى ھاسىل قىلىپ بېكىتمە ھالەتتىكى تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

مەن ئۆزۈمنىڭ كەسپى قىزىقىشىم سەۋەبلىك ئامشىلارغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ۋە ئۇلار ھەققىدىكى ئىزدىنىشىم مېنى ئۇلار ھەققىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلدى.

ئامشىلاردا "تېھ مورە يوئۇ لەئارن، تېھ مورە يوئۇ ونفۇسەد"( ئۆگەنگىنىڭ قانچە جىق بولسا، شۇنچە قايمۇقىسەن) دېگەن ماقال بار بولۇپ، ئۇلار ئۆز بالىلىرىنىڭ زامانىۋى مائارىپ تەربىيسى ئېلىشىنى ئەزەلدىن خالىمايدىكەن. ئامىش بالىلىرى 8 ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئامشىلار ئۆزلىرى ئاچقان مەكتەپكە كىرىپ تەربىيە ئالىدىكەن، بالىلىرى 13 ـ 14 ياشىدىن باشلاپ

مەكتەپ تەربىيسىدىن توختاپ، ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىلىرىغا ياردەملىشىدىكەن. 1960

ـ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە ئامىش بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە تەلىم ئېلىش مەزگىلى 8 ياشتىن 16 ياشقىچە قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ قارار ئامشىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغىنى ئۈچۈن 1972 ـ

يىلىدىن باشلاپ، ئامىش بالىلىرىنىڭ مەكتەپ تەربىيسىدە بولۇش ۋاقتىغا چەك قويۇلمىغان. ئامشىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە تەربىيلەشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ھەر ئىككى ھەپتە ئارىلىقىدىكى بىر يەكشەنبە كۈنى ئامشىلار ئائىلە بويىچە ئىبادەت قىلىدىغان بولۇپ، ئەر ـ ئايال ۋە بالىلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئۇزۇن

ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىدىكەن. بۇ كۆنى باللارغا تاماق ئارىلىقىدا تاتلىق ـ تۈرۈملار بېرىلىدىكەن. ئامىشلار رايونىدا چېركاۋ يوق ئىكەن، ئەمما ھەر بىر ئائىلىدە ئىبادەت ئۆيى بار ئىكەن.

ئامىشلار ئائىلىسى ئامېرىكىدا بىرقەدەر چوڭ ئائىلە ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ھەر ئائىلىدە 11 ـ 12 دىن بالا بولۇش، ئامىشلاردا ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىنىدىكەن، شۇڭا ئامىشلار ئادەتتە باللىرىنى نومۇر رەت تەرتىپى بويىچە چاقىرىدىكەن. بۇ خىل كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ئادىتى سەۋەبلىك ئامىشلار ئارىسىدا تېرىلغۇ يەر يېتىشمەسلىك تۈرمۇشتا قىيىنچىلىقلا يولۇقۇش قاتارلىق مەسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئامىشلار كۆچۈش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپتۇ، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىدا تارقاق ھالەتتە ئولتۇراقلاشقان ئامىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئامىشلاردا ئوغۇل ـ قىزلار 16 ياشقا كىرىشى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشقا باشلايدىكەن. ئەمما توي مۇراسىمى ئىقتىسادچىللىق بىلەن ناھايىتى ئاددى ئۆتكۈزۈلىدىكەن.توي مۇراسىمغا ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان يېقىن دوست بۇرادەرلىرى چاقىرىلىدىكەن، ھەر كىم ئۆز ھالىغا يارىشا يېڭىتكە تۇرمۇشتا لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغات سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىدىكەن.

. مىشلار ئادەتتە باشقىلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا دەخلى قىلىشىنى خالىمايدىغان بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە نىسبەتەن ئانچە قىزغىن مۇئامىلىدە بولمايدىكەن. سەۋەبى، ئۇلار ساياھەتچىلەر ئېلىپ كەلگەن سىرتقى دۇنيادىكى زامانىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە تەسىر قىلىپ ئامىشلارغا خاس ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيدىكەن. ئامىشلار ئۆزىنىڭ خاس مەدەنىيىتىنى قانچىلىك

Unregistered

جاھىللىق بىلەن قوغدىسۇن، ھازىر ئامىش پەرزەنتلىرى ئارىسىدا يېڭىچە تۇرمۇشقا ئىنتىلىش، زامانىۋى جەمئىيەتكە قىزىقىشتەك ھېس ـ تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئامىشلارنىڭ ئەنئەنىۋى ياشاش ئۇسۇلى كرىزىسقا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ.

شۇنداق سابا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاشقا، ئۆزىنىڭ خاس تۇرمۇش ـ ئادىتى بويىچە ياشاشقا ھەقلىق. شۇڭا ئامىشلار ئۆز ئەنئەنىسى، ئېتىقادى، مەنتىقىسى بويىچە ياشاۋېتىپتۇ. دېموكراتىك ئامېرىكا جەمئىيىتى ئۇلارنىڭ بۇ خىل ياشاش ئۇسۇلىغا ھەم شارائىت يارىتىپ بېرىپتۇ. ئەمما تۆۋەن دەۋردىكى ئامېرىكا مەدەنىيىتى يەنىلا ئامىشلارنىڭ بېكىنمە ھالەتتىكى ياشاش ئۇسۇلىدا داۋالغۇش پەيدا قىلىۋېتىپتۇ. مانا بۇ ئەنئەنە بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ بولسا كېرەك.

خەير ئامان بولۇڭ.

كېلەركى خېتىمدە "نېگىرلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى" ھەققىدە يازماقچىمەن.

ـ 23

## نېگىر لارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى

سالام سابا،

بۈگۈن سىزگە ئامېرىكىدىكى "رەڭلىك ئىرق"ياكى "ئافرىيان ئامەرىيان"لارنىڭ بىزنىڭ تىل ئادىتىمىز بويىچە "نېگىر"لارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ھەققىدىكى بايانلىرىمنى يازماقچىمەن.

سىزگە يازغان ئىلگىرىكى خەتلىرىمدە ئامېرىكىدا قارا تەنلىكلەرنى "نېگىر"دەپ ئاتاشنىڭ قانۇن جەھەتتىن چەكلەنگەن سوز ئىكەنلىكىنى بۇ يەردە كىشلەر ئۇلارنى "ئافرىكان ئامەرىيان"(ئافرىقىلىق ئامېرىكىلىقلار)،ياكى "بلاك پەئوپلە"(قارىلار)دەپ ئاتىشىدىكەن،لېكىن ئۇلارغا يۈزتۇرانە تۇرۇپ پاراڭلاشقاندا يەنىلا "ئافرىيان ئامەرىكان"دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدىكەن. "ئافرىيان ئامەرىيان"لار قانۇن جەھەتتە بۇ يەردىكى ئاق تەنلىكلەر بىلەن باراۋەر بولۇپ،جەمئىيەتتە ئۇلارنى كەمسىتىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدىكەن.

سايلام.ئوقۇش،خىزمەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ھەرقانداق ئىرقىي كەمسىتىشكە قانۇنى جەھەتتىن يول قويۇلمايدىكەن.ئەلۋەتتە بەزى ئاق تەنلىك ئامېرىكىلىقلار يەنىلا ئاق تەنلىك بولمىغان كىشلەرگە نىسبەتەن كەمسىتىش،تۆۋەن كۆرۈش پوزىتسىيىسىدە بولىدىكەن،ئەمما ئۇلار بۇنى ھەرگىزمۇ ئاشكارا ئىپادىلىيەلمەيدىكەن،سىلىق مۇئامىلىدە بولىدىكەن.

ئامېرىكىدا بۇ خىل كەيپىياتنىڭ بارلىققا كېلىشى يەنىلا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى مەئارتىن لۇتھەر كىڭ،جر. ۋە مالولم خ نىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان "نېگىرلار ئىنقىلابى"نىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

UnRegistered

1865 ـ يىلى ئابراھام لىنولن ئامېرىكىدا ھەممە كىشىنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان بولسىمۇ ئەمما بۇ خىل باراۋەرلىك پەقەت '865 تەنلىكلەر"گىلا بولغان بولۇپ،نېگىرلار ،ئىندىئانلار،مېكسىكا كۆچمەنلىرى ۋە ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن باشقا كۆچمەنلەر بۇ باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولالمىغان. بولۇپمۇ نېگىرلارنىڭ قانۇنى ھوقۇقى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھەققىي ھالدا كاپالەتلەندۈرۈلمىگەن. ئامېرىكىدا 20 ـ ئەسىردە بۇ خىل ھالەتتە بىر ئاز ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ،لېكىن نېگىرلارنىڭ ئورنى يەنىلا تۆۋەن بولۇپ "ئاق تەنلىكلەر"تەرىپىدىن دائىم كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ كەلگەن.

ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى نېگىرلار ئاساسەن دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان،ئامېرىكىنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى نېگىرلار بولسا زاۋۇتلاردا ئىشچى بولۇش،رېستوران ۋە باشقا مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىشتەك تۆۋەن خىزمەتلەرنى قىلىپ كەلگەن. جامائەت سورۇنلىرىدا ئۇلارنىڭ ئاقلار بىلەن ئورتاق ھالدىكى جامائەت ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان،ئۇلارنىڭ "ئاقلار"ئاچقان رېستورانلاردا ئاق تەنلىكلەر بىلەن بىللە غىزالىنىشى تەقىبگە ئۇچرىغان؛ئاپتوبۇس ۋە تراموايلارغا ئولتۇرغاندا ئۇلار دائىم ئارقا رەتتە ئولتۇرغان؛نېگىرلارنىڭ ئولتۇراق رايونى ئاقلارنىڭ ئولتۇراق رايونىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ،ھەتتا پۇلدار نېگىرلارنىڭمۇ ئاق تەنلىكلەر رايونىدىن ئولتۇراق ئۆي سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلمىغان؛ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتلەرگە نېگىرلار قويۇلمىغان؛نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئارىسىدا نىكاھلىنىپ ئائىلە قۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس بولۇپ نېگىر ئەرلىرىنىڭ ئاق تەنلىك

Unregistered

ئايالىلارغا ھەتتا تىكىلىپ قارىشىمۇ چەكلەنگەن....
مانا بۇ خىل باراۋەرسىزلىك ئەينى يىللىرى ئامېرىكىدىكى مىللىي زىددىيەتنى كۆچەيتىۋەتكەن،ئىرقىي كەمستىشكە قارشى كۈرەشنىڭ ئەۋجگە چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ ۋە 60 ـ يىللىرى ئامېرىكىدا نېگىرلارنىڭ ئىرقىي كەمستىشكە قارشى ئىنقىلابى ئەۋجگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ،مارتىن لۇتھەر كىنىڭ،جر. ۋە مالولم خ
"نېگىرلار ئىنقىلابى"نىڭ داھىيسىغا ئايلانغان .ئۇلار رەھبەرلىكىدىكى ئىرقىي كەمستىشكە قارشى ئىنقىلاب نەتىجىسىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نېگىرلارنى كەمستىشنى رەسمىي قانۇن لايىھىسى چىقىرىپ توسقان.

مالولم خ .ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمان نېگىرلارنىڭ رەھبىرى بولۇپ ئۇ 1925 ـ يىلى 19 ـ ماي كۈنى نەبراسكانىڭ ئوماھا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان،مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان مالولم كىچىكىدىنلا ئىسلام دىنىنىڭ "ھەممە ئىنسانلار باراۋەر"دېگەن تەلىمىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ،ئۇ ئامېرىكىدىكى نېگىرلارغا بولغان باراۋەرسىزلىككە قاتتىق نارازى بولغان.ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە 50 ـ يىللار ۋە 60 ـ يىللاردا ئامېرىكا نېگىر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىرقىي كەمستىشكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان نارازىلىق نامايىشلىرى كوپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان.1963 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست كۈنى مالولم خ.رەھبەرلىكىدە ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى لىنكولىن خاتىرە سارىيى ئالدىدىكى مەيداندا يىغىلىش ئۆتكۈزگەن بولۇپ،شۇ قېتىملىق يىغىلىشقا 200 000 دىن ئارتۇق

Unregistered

قارا تەنلىكلەر ۋە بىر قىسىم ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى ئاق تەنلىكلەر قاتناشقان.شۇ قېتىملىق يىغىلىشتا مالولم خ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە "نېگىرلار باراۋەرلىكى" تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان،زور دەرىجىدىكى جامائەت پىكرى ئاستىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاساسىي قانۇن ناھىيىسىگە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈشكە باشلىغان 1963 - يىلى باھاردا پرېزىدېنت كەننەدىي ئامېرىكا وڭرەسسقا نېگىرلار باراۋەرلىكى ھەققىدىكى قانۇن سەھىيىسى تۈزۈش توغرىسىدا قارار يوللىغان.ئەمما مالولم خ نىڭ رەھبەرلىكىدىكى بۇ ھەققانى تەلەپ بىرقىسىم ئىرقىي ئايرىمىلىقنى ياقلىغۇچىلارنىڭ نارازىلىقنى قوزغىغان بولۇپ،قارارنىڭ ماقۇللىنىشى كېچىكتۈرۈلگەن.مالولم خ كوپ قېتىم شەخسلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قالغان.1965 - يىلى 21 - فېۋرال كۈنى ئۇنىڭ ئويى بو m a ردىمان قىلىنىپ نېگىرلار ئازادلىقىنىڭ بۇ داھىيسى ۋاقىتسىز قازا قىلغان.ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە قاتتىق تەسىر قوزغىغان بولۇپ،ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كەننەدىي 1963 -يىلى ئوتتۇرىغا قويغان نېگىرلار باراۋەرلىكى ھەققىدىكى قارارنى رەسمىي ماقۇللىغان.

ئەينى يىللىرى مالولم خ بىلەن بىر دەۋردە نېگىرلار باراۋەرلىكى كۈرىشى رەھبەرلىرىدىن يەنە بىرى مارتىن لۇتېھەر كىنگ.جر بولۇپ،ئۇ 1929 - يىلى 15 - يانۋار كۈنى گەئورگىيا شتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ قانۇن جەھەتتىن نېگىرلارنىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە كوپ قېتىم ھۆكۈمەتكە تەكلىپ لايىھەلىرىنى سۇنغان،ۋە بۇ توغرۇلۇق كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يېزىپ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە "ئىرقىي

Unregistered

كەمستىش"كە قارشى جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش،ۋە بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەتنى ئەسلىدىكى قانۇن لايىھىسىگە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈشكە مەجبۇرلىغان بولۇپ،شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئەينى چاغدا كوپ قېتىم تۈرمىلەردە ياتقان. نېگىرلار باراۋەرلىكى كۈرىشىدە ئۇنىڭ ئوينىغان رولىمۇ مالولمغا ئوخشاشلا ناھايىتى زور بولغان.ئەپسۇس نېگىرلار باراۋەرلىكى كۈرىشىنىڭ بۇ رەھبىرىمۇ 1968 ـ يىلى 5 ـ ئاپرېل كۈنى نامەلۇم كىشىلەرنىڭ ئۇ چۈشكەن مېھمان سارايدىكى ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ بالكونىنىڭ سالاسۇننى بوشتد . قويغانلىقى سەۋەبىدىن بالكوندىن يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاقتىسىز قازا قىلغان. مەيلى قانداق بولمىسۇن گەرچە مالولم خ ۋە مارتىن لۇتھەر كىڭ جر ۋاقتىسىز قازا قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار رەھبەرلىكىدىكى "ئىرقىي كەمستىش"كە قارشى ئىنقىلاب سەۋەبىدىن ئامېرىكىدا بۈگۈنكىدەك ھەممە ئىرقلار قانۇنىي جەھەتتىن باراۋەرلىككە ئېرىشىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

خوش ئامان بولۇڭ.

ـ ـ ـ ـ لالە

ـ 24

## مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىزدىنىش قابىلىيىتى ھەققىدە

سالام سابا:

ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ماڭا تەسىر قىلغان ئامىللار ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ئۆزگىچە

مائارىپ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى مەسىلىسى بولدى.

ئالدىنقى قېتىمقى خەتلىرىمدە دېگىنىمدەك، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆزگە خاس كۆزقاراشقا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكىنىم ئېسىمدە.

دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىمدا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن شۇنچىلىك ئەركىن، ئۆزگە خاس كۆزقاراشلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا دادىللىق بىلەن ئىپادىلىشى مېنى ھەيران قالدۇرغان، ئۇلارنى ۋەتەنىدىكى كەمسۆز، تارتىنچاق ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۇلاردىكى بۇ خىل مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا قايىل بولغان ئىدىم. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن بۇ خىل مۇستەقىل پىكىر قىلىش شۇنداقلا ئۆز كۆزقارىشىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالايدىغان قابىلىيەتنىڭ ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلاردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك ئىكەنلىكىنى بارغانچە چوڭقۇر ھىس قىلىشقا باشلىدىم.

ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، ئۆزى ئويلىغانلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش، ھەتتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىش ئامېرىكىلىق ئوقۇگۇچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى.

ئامېرىكا مەكتەپلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ مائارىپ قارىشىدا

Unregistered

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ ئالاھىدىلىككە ماس ھالدىكى كەسپلەرنى تاللىشى ئۆلارنى تەربىيلەشتىكى ئاساسى نىشان قىلىنىدىكەن. ئامېرىكا مائارىپىدا بۇ خىل تەربىيلەش ئۇسۇلى باشلانغۇچ مائارىپىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدىكەن.

ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئامېرىكا مائارىپىدىكى بۇ خىل ئۆزگىچىلىك مېنى ئۆزگە جەلپ قىلدى. ۋاشىنگتونغا دەسلەپ بارغان چېغىمدا نەۋرە ھەدەمنىڭ ئۆيىدىكى كىتاب ئىشكاپىغا تىزىپ قويۇلغان ھەر خىل ساپال بۇيۇملار مېنى ئۆزگە قاتتىق جەلپ قىلغان ئىدى. بۇلار بازاردا سېتىلىدىغان نەپىس بۇيۇملاردىن پەرقلىق ھالدا ياسىلىشى قوپال، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە بىر خىل ئىجادىي قابىلىيەت سېزىلىپ تۇراتتى. مەن دېلفىن شەكلىدە ياسالغان كىچىك گۈل لوڭقىسىغا سەپ سالدىم، دېلفىن كۆككە قارىغىنىچە ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئېگىلگەن قۇيرۇقى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ تۇراتتى... مېنىڭ بۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرغىنىمنى كۆرگەن نەۋرە ئىنىم كۈلۈپ بۇلارنىڭ ھەممىسى نىگارەنىڭ ئىجادىيىتى، ئۇ مەكتەپنىڭ كۈلالچىلىق ئۆيىدە بۇلارنى ياساپ چىقىپتۇ. ماۋۇ كەنگورۇ ۋە ئۇنىڭ خالتىسىدىكى بالىسى، بۇ پاقا ۋە ئۇنىڭ قۇمچاقلىرى، بۇ ئاكۇلا بېلىقى... نەۋرە ئىنىم ماڭا كىتاب ئىشكاپىدىكى بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. "بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نىگارە ئۆزى ياسىغانمۇ؟" "ئەلۋەتتە ئۆزى ياسىغان نەرسىلەر، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس ئىجادىيەت ئۆيى قۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىغا تايىنىپ ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى ياسايدۇ." كېيىن نىگارە بىلەن بولغان سۆھبىتىم مېنى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىسىنىڭ

Unregistered

ۋەتەندىكى ئوخشاش ياشتىكى باللاردىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدۇردى. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بۇ قىزدا باللارغا خاس ئوماقلىق ۋە ساددىلىقتىن باشقا يەنە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى قىلچە تارتىنماستىن دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قوياتتى، ھەر ۋاقىت ئۆز كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى. ئۇ مەن بىلەن خۇددى چوڭ ئادەملەردەك رەسمىي پاراڭلاشتى. مېنىڭ ئوقۇش پىلانىمنى تەپسىلىي سورىدى، شۇنداقلا بۇ يەردە مەن يولۇقۇشۇم مۇمكىن بولغان بەزى قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىشىم كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ ئۆزىنىڭ خاس قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ئۇ بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان چېغىدا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى مىسالغا ئېلىپ ماڭا ئامېرىكا جەمئىيىتى ھەققىدە بىر سائەتلىك دەرس ئۆتتى دېسەممۇ بولاتتى. كىچىككىنە قىزدىكى بۇ خىل مۇستەقىل قاراش مېنى شۇ چاغدا ھەيران قالدۇرغان ئىدى. نەۋرە ھەدەم قىزى ھەققىدە توختىلىپ: «مانا بۇ ئامېرىكىچە تەربىيەنىڭ نەتىجىسى، بۇ يەردە باللار ئاشۇنداق ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، كىچىكىدىن مۇستەقىل پىكىر قىلىش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭ زىيانلىق تەرىپىمۇ بار. بۇ يەردە باللارنى ۋەتەنىدىكىدەك ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، چوڭلارنىڭ گەپىنى يېرمايدىغان، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولمايدۇ؛ ئۇلار ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى ۋە قىزىقىشى بويىچە ئۆزى ياقتۇرغان ئىشلارنى قىلىدۇ؛ گەرچە ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رايىغا باقمايدىغان، بىزنىڭ كۆزىمىزگە سىغمايدىغان ئىشلار بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇلارنى چەكلەشكە بەزىدە ئامالسىز قالىمىز. باللارغا ۋەتەنىدىكىدەك قاتتىق گەپ قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارغا

Unregistered

خۇددى چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى گەپ بىلەن قايىل قىلىش كېرەك. راستىمنى دېسەم بەزىدە قىزىمنىڭ بەزى ئىشلىرى كۆڭلۈمگە ياقمىسىمۇ، ئەمما بېسىم قىلالمايمەن، پەقەت چۈشەندۈرۈش، قايىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشىنى ئىستىمەكتىن باشقا ئامال يوق.

شۇنداق، نەۋرە ھەددەم توغرا دېيتتى، بۇ يەردىكى بالىلار كىچىككىدىنلا ئاشۇنداق مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ھەر ۋاقىت ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز پىكرىدە تۇرۇشقا، ئۆزىگە خاس قاراشنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدىكەن.

كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىۋېرسىتېت قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە قىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشۈم ئامېرىكا مائارىپى ھەققىدىكى تونۇشۇمنىڭ چوڭقۇرلىششىغا تۈرتكە بولدى.

شۇ كۈنى ئالدىن كېلىشىۋالغان ۋاقىت بويىچە، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدىم.

ياشانغان مەكتەپ مۇدىرى جۇلىيانا بوش خانىم مېنى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىشخانا ئازادە بولۇپ، دەرىزە يېنىغا قاتار قىلىپ گۈل تەشتەكلىرى تىزىلغان ئىدى، مۇدىرنىڭ ئۈستىلىدە بىر قۇتىدا لىق شاكىلات كەمپۈت قويۇپ قويۇلغان ئىدى.

UnRegistered

ـ ـ ـ شاكالاتنى ياقتۇرامسىز، ياكى كەمپۈتنىمۇ؟ مەرھەمەت قىلىڭ!

ـ ـ ـ رەھمەت! مەن شاكالاتنى بەك جىق يېمەيمەن، ئەمما كەمپۈتتىن بىرنى يەي. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاچ، مەن كەمپۈتتىن بىر تالنى ئالدىم.

ـ ـ ـ باللار شاكالات ۋە كەمپۈتلەرگە تولىمۇ ئامراق، گەرچە ئۇلارنىڭ چىشىغا زىيان قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئامراق نەرسىسىنى چەكلەشكە كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ!

ـ ـ ـ شۇنداق، ئامېرىكىلىقلار تاتلىق ـ تۈرۈملارغا بەكلا ئامراق ئىكەن! مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە كەمپۈت ۋە شاكالاتلار قويۇپ قويۇلىدىكەن. مېنىڭ جاۋابىم مۇدىرنى سۆيۈندۈرگەن بولسا كېرەك، ئۇ تولىمۇ خوش بولۇپ كەتتى.

ـ ـ ـ توغرا دەيسىز، ئامېرىكىدا ھەرقانداق مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا شاكالات ۋە كەمپۈت بار، ئامېرىكىلىقلار تاتلىققا زىيادە ئامراقمىز، سىز بۇنىڭغا دىققەت قىلىپسىزـ ـ ـ

ـ ـ ـ ئەلۋەتتە، ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قىزىقمەن ئەمەسمۇ!

سۆھبىتىمىز مانا مۇشۇنداق تولىمۇ تەبىئىي دوستانىلىك ئىچىدە باشلاندى!

UnRegistered

مۇدىرنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، مەندىكى قورۇنۇشنى تۈگىتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سۆھبەت تېمىسى ئۇلارنىڭ ئەركىن ھەم ئازادە شارائىت ئىچىدە بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى ھەققىدە بولدى.

"بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئارىسىدا ئۇنىۋېرسىتېتىمىزغا چەت ئەللەردىن ئوقۇشقا كەلگەن تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىرقەدەر كۆپ، شۇڭا مەكتىپىمىزدە ئۇلارغا ئىنگلىز تىلى دەرسى باشقا دەرسلەرگە يانداشتۇرۇلۇپ ئۆتۈلىدۇ، ئۇلار دەسلەپتە ئازراق قىينالسىمۇ، لېكىن 3 ئايدىن كېيىنلا ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىمالال ئالاقە قىلالايدىغان ھالەتكە يېتەلەيدۇ، دەرسلەرنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈپ بارىدۇ."

"شۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدىمۇ؟" ئۇ مېنىڭ ھەيران قالغىنىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

"ئەلۋەتتە، ئۇلارنى پۈتۈنلەي سۇدەك راۋان سۆزلىيەلەيدۇ، ھەممىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ دېيەلمەيمەن، ئەمما ئۇلار ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ئويناش، قىزىقارلىق كارتون فىلىملەرنى كۆرۈش، ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناش جەريانىدا تەبىئىي ھالدىلا تىل مۇھىتىغا ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ. بىز ئەزەلدىن ئۇلارغا بېسىم قىلمايمىز، ھەممە ئىش بۇ بالىلارنىڭ ئۆز خاھىشى، قىزىقىشى بويىچە بولىدۇ.

UnRegistered

"ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسى ئېغىرمۇ؟ ئۇلارغا تاپشۇرۇق بېرىلەمدۇ؟"

"ياق، دەرسنى ئېغىر دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما تاپشۇرۇقلىرىمىز بار، كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى بويىچە ئۇلارغا ئائىلىدە ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ مودېللىرىنى ياساش، ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە خىياللىرىنى رەسىم قىلىپ سىزىش، ياكى ئۆز ئويلىغانلىرىنى يېزىش دېگەندەك تاپشۇرۇقلار بېرىلىدۇ.

"ئۇلارنىڭ بۇ تاپشۇرۇقلىرىغا (پروجەت)قانداق باھالار بېرىلىدۇ؟ بېكىتىلگەن ئۆلچەم دېگەندەك نەرسە بارمۇ؟ "ياق، مۇقىم بېكىتىلگەن ئۆلچەم يوق، مەسىلە ئۇلارنىڭ بۇ پروجېتقا قىزىقىش ـ قىزىقماسلىقى، ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە بۇ تاپشۇرۇقنى ئىشلىگەن ـ ئىشلىمىگەنلىكىلا نەكشۈرۈلىدۇ، تاپشۇرۇقنىڭ سۈپىتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزنىڭ مەقسىدىمىز بالىلارنى "ئەقىللىق بالىلار" ياكى "دۆت بالىلار" دەپ دەرىجىگە ئايرىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان ئۆز قىزىقىشى بويىچە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتۇر!" مۇدىر ماڭا ئوقۇغۇچىلار دەرس ئاڭلايدىغان سىنىپلارنى، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئويلىرىنى ھەم مەكتەپ قىرائەتخانىسىنى كۆرسەتتى...

شۇ كۈنى مېنىڭ كۆرگەنلىرىم، مەندە مەڭگۇ ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى دېسەم بولىدۇ. ھەممىلا جايدا ئاجايىپ بىر خىل ئازادە كەيپىيات، ئەركىن مۇھىت ئەكس ئەتتى... ئىختىيارسىز ۋەتىنىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېسىمگە

Unregistered

كەلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆتۈرۈپ بولالمايدىغان يوغان سومكىلىرى، سىنىپتا ياغاچتەك قېتىپ ئولتۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلار، كەچلىكى ئىشلەپ بولالمايدىغا تاپشۇرۇقلار، ياش ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىنىڭ يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇلارغا ياردەملىشىپ تاپشۇرۇقنى تۈگىتىشى، دىققىتى چېچىلغان، ھارغان باللارنىڭ مۈگدەپ ئولتۇرۇشى...

شۇنداق ھازىر مەكتەپلەردە مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ساپا مائارىپى ۋە قوش تىللىق مائارىپ يولغا قويۇلىۋاتىدۇ... ئەمما بىز ساپا مائارىپنى زادى قانچىلىك ئۆزلەشتۈردۇق؟ باللارنىڭ پائالىيەتلىرى كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ سومكىلىرىدىكى كىتابلارمۇ كۆپەيدى... دەرسلىك كىتاب. پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى... تېخى سوغىكى قاتمىغان بۇ نارسىدە باللار ئېغىر سومكىلىرى دەستىدىن مۈكچىيىپلا قالاتتى... ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئوغلۇمنىڭ سومكىسىنى ھەر كۈنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغىنىم، ئۇنىڭ دەرس سېتكىسىغا قاراپ كۈندىلىك كىتاب دەپتەرلىرىنى ئېلىپ بەرسەممۇ سومكىنىڭ يەنىلا شۇنچە ئېغىرلىقى. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، ئوغلۇم ھەر ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلىغان بالا بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ باقمىدىم، تاپشۇرۇقلىرىنى ھەم ئىشلىشىپ بەرمىدىم... ئەمما باللىرىنى خەنزۇچە مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بەرگەن دوستلىرىمنىڭ باللارنىڭ دەرسگە يېتەكچىلىك قىلمەن دەپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن چاغلىرىنى دائىم دېگۈدەك كۆرەتتىم.

"رىقابەت دەۋرى بۇ، باللارغا ئۆگەتمىسەك ئۇلار يېتىشەلمەيدۇ، باشلانغۇچ

Unregistered

مەكتەپتە نەتىجىسى 90 دىن تۆۋەن بولسا ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىت كۈتكىلى بولمايدۇ!" مەن بىلەن تەڭ ياشتىكى خىزمەتدىشىمنىڭ بالىسىنى خەنزۇچە ئوقۇشقا بەرگەنلىكى ھەم خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ تۈزۈمىنىڭ نەقەدەر قاتتىقلىقىدىن ماختىنىپ ئېيتقان بۇ سۆزى شۇ چاغدا جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتكىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىغان سوئالىم ھېلىمۇ ئېسىمدە: "سىزنىڭچە بالىڭىزنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى بولسىلا ئۇ ئىستىقباللىق بولارمۇ؟!"

ئۇ سوئالىمنى جاۋابسىز قالدۇرغان ئىدى، ئەمما رەنجىگەنلىكى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ماڭا قاراپ: "ئەلۋەتتە ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ ياخشى بولۇشى ھەممىنى بەلگىلىمەيدۇ، لېكىن بۇ باللار كېيىن قانداق قىلىمىز؟ ۋەتىنىمىزدە ئادەم جىق، رىقابەت كۈچلۈك، ئۇلار نان تېپىپ يىيەلەرمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن... شۇنداق، ۋەتىنىمىزدىكى ھەر بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى باللىرىنىڭ كەلگۈسىدە جان باقالىشىدىن ئەنسىرەش... مەيلى ياش ئاتا ـ ئانىلار بولسۇن، ياكى ياشانغان ئاتا ـ ئانىلار بولسۇن، ئوخشاش غەم ئوخشاش ۋەھىمە ھەممىنى ئەندىشىگە سالىدۇ... شۇڭا ۋەتەندىكى ئاتا ـ ئانىلىرىمىز غەمكىن باللىرىمىز ھارغىن...

جۇلىيانا خانىم بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن قەلبىمنى ئاجايىپ مۇرەككەپ ھىسلار قىيناشقا باشلىدى...

خوش ئامان بولۇڭ.

Unregistered

لالە ـ ـ ـ ـ

ـ 25

**سالام سابا:**

ئۆتكەنكى خېتىمدە ئامېرىكا مائارىپىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىي قىزىقىشى بويىچە ئۇلارنى ئىلمىي يېتەكلەش؛ ئۇلارنىڭ ئۆز خاھىشى، ئۆز قارىشى، ئۆز ئۇسۇلى بويىچە تەپەككۇر قىلىشىغا يول قويۇش؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخلىنىۋاتقان ھالدىكى تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىشتەك مائارىپى ھەققىدە توختالغان ئىدىم.

بەلكىم مېنىڭ كۆزىتىشىم تازا يېتەرلىك بولمىغاندۇر. لېكىن شۇ نەرسە كۆڭلۈمگە ئايانكى، بۇنى ئۇيغۇر مائارىپ ئىسلاھاتى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمدا بىزدىكى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تولىمۇ ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ خىل ئىسلاھاتنىڭ بالىلارنىڭ ئەسلى تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن ئىبارەت ئىلمىي قانۇنىيەتكە زىت ھالدا ئۇلارغا زورلاش ۋاستىسى بىلەن تېڭىپ قويۇلۇۋاتقانلىقىنى، زورلاش، بېسىم ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ خىل مائارىپنىڭ ئەمەلىيەتتە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تەبىئىي ھالدىكى تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

Unregistered

بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئەركىن ، مۇستەقىل دادىل قاراشقا ئىگە قاراش يېتىلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئېغىر روھىي بېسىملار دەستىدىن ھەتتا بالىلارغا خاس بولغان ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىكى بالىلارچە تەسەۋۋۇر دۇنياسىدىنمۇ ئايرىلىپ قەلىۋاتىدۇ . . .

ئۇلار مەكتەپتە ئېغىر سومكىسىدىكى دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەجبۇرىي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش؛ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسىنى خوش قىلىش ئۈچۈن ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىشقا مەجبۇر؛ ئاران كەلگەن دەم ئېلىش كۈنلىرىدە يەنە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ھەم ئۇلارنىڭ ئاتالمىش كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەش پسىخىكىسىنىڭ تەسىرىدە تۈرلۈك كۇرسلاردا ئوقۇشقا مەجبۇر؛ ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ جاپا تارتىپ تاپقان پۇللىرىنى خەجلەپ بالىلىرى زادىلا قىزىقمايدىغان ئاللىقانداق كۇرسلارغا ئۇلارنى زورلاپ ئاپىرىپ بېرىدۇ . . . بىچارە ئاتا ـ ئانىلار بۇنى "بالىلارغا كۆيۈنگەنلىك ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا كۈچ چىقارغانلىق" . . . بىلىشىدۇ ، شۇڭا دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ بالىسىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى ماختىنىشىدۇ . . .

بەزىدە ئويلاپ قالىمەن ، ياش ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىمىزنى ئۆز خاھىشىمىز ، ئارزۇيۇمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق قىينىغان چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبىدە بىزگە بولغان نارازىلىق ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ، ئۇلار پەقەت بىزنى خوش قىلىش ئۈچۈنلا بىزنىڭ دېگىنىمىزنى قىلىۋاتقىنىنى ھىس قىلالىغان بولساق تولىمۇ ياخشى بولاتتى . . .

Unregistered

ئەمما ۋەتىنىمىزدىكى زىيادە جىق ئادەم، ئىشسىزلىق غېمى، ياش ئانىلارنىڭ "باللىرىمىز بىز كۆرگەن كۈننى كۆرمىسۇن، ئۇلار كەلگۈسىدە نان تېپىپ يېيەلەيدىغان بولسۇن!" دېگەندەك خىياللار بىلەن باللىرىمىزدىكى تەبىئى قىزىقىشقا قىلچىمۇ ھۆرمەت قىلمىغان ھالدا ئۇلارغا ئۆز خاھىشىمىزنى مەجبۇرىي تېڭىۋاتقىنىمىزنى، ئامالسىزلىقىمىزدىن بۇ يولنى تاللىۋالغانلىقىمىزنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتكۈم كەلدى.

خوش، بىز شۇ خىيالغا كەلگەن ئىكەنمىز، باللىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۆز پىكرىنى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، ئۆزى ئويلىغىنى قىزىقىشى بويىچە ئىزدىنىشى تەپەككۇر قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرمەيمىز؟! مېنىڭچە بۇ ھەممىمىز ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان نازۇك بىر مەسىلە بولسا كېرەك!

سابا، ۋەتىنىمىزدىكى "ساپا مائارىپى" بىلەن ئامېرىكا مائارىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇۋاتقان چېغىمدا، كاللامغا ئىختىيارسىز ھازىر بەس ـ بەستە يولغا قويۇلۇۋاتقان "قوش تىللىق مائارىپ تەربىيسى" ۋە "ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ سىنىپلىرى" ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ قويۇش ئىستىكى كېلىپ قالدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ "ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش" "ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش"، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى "نامراتلىق" "قالاقلىق"نى تۈگىتىش" دېگەندەك بۈيۈك مەقسەتنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىن ـ بىر يولى خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش، خەنزۇ تىلىدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان

UnRegistered

بولۇش"... دېگەندەك قاراشلىرىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ ھەم بۇنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ... ئەمما بۇ خىل زىيادە سولچىللىق سەۋەبىدىن، پەقەت خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىلا چىڭ تۇتۇلۇپ، ئوقۇتۇشنىڭ ساپاسىغا سەل قاراش، باللارنى ھەر تەرەپلىمە ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ تەبىئىي تەسەۋۋۇرنى بوغۇپ قويۇش، باللارنىڭ گۆدەك قەلبىدە كىچىكىدىنلا ئاجايىپ ئېغىر "روھىي يۈك"نى ئارتىپ قويۇش، ئۇلارنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش تەپەككۇرنى بوغۇپ قويۇشتەك خاتالىقلارغىمۇ يول قويۇلىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە بولسا نەزەرىيە دەرسلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈش تەلەپ قىلىنىپ، ئانا تىل تەپەككۇرى سىقىپ چىقىرىلىۋاتىدۇ... بۇ ھەققىدە بەك جىق توختالغۇم يوق.

قىسقىسى، ياش دوسلىرىمغا مۇراجىئىم، ھەرقانداق ئىشنى قىلغان چېغىڭىزدا ئاۋال ئۆزىڭىزدە مۇشۇ ئىشنقا نىسبەتەن ئەسلى قىزىقىش قانچىلىك؟ ئۆزىڭىزدە بۇ ئىشنى قىلىشقا ھازىرلانغان ئىقتىدار قانچىلىك؟ بۇ ئىشنى ئۆز خاھىشىڭىز بويىچە تاللىدىڭىزمۇ ياكى باشقىلارنىڭ زورى، ۋە ئالىلقانداق بېسىم ۋە غەملەر دەستىدىن بۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولدىڭىزمۇ؟... مانا بۇلارنى ئوبدان ئويلاڭ.

ئۆز قىزىقىشىڭىز، ئارزۇيىڭىز بويىچە يولىڭىزنى تاللاپ بولغان ئىكەنسىز، بۇ يولىڭىزدىن باشقىلارنىڭ زورى بىلەن ئالدىراپ ۋاز كەچمەڭ.

مەسىلىلەرگە يولۇققان چېغىڭىزدا ئاۋال ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەڭ، سەۋەبىنى

تاپقاندىن كېيىن، ئۆز پىكرىڭىزنى ئويلىغىنىڭىزنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

گەرچە سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىز باشقىلارنىڭ قارىشىغا زىت، ئۇلار قوبۇل قىلالمايدىغان ھالەتتە بولسىمۇ، ئەگەر سىز بۇ قارىشىڭىزنى توغرا دەپ قارىسىڭىز، بۇ يولىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشنى، بۇ ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەنسىز ئۇ ھالدا دادىللىق بىلەن سىناپ بېقىڭ، ئىككىلەنمەڭ!

چۈنكى ھازىرقى جەمئىيىتىمىز ھازىرقى كۈچلۈك رىقابەت بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىزگە قارىغۇلارچە باشقىلارغا ئەگىشىش ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىشتىن كۆرە ئۆزىمىز مۇستەقىل پىكىر قىلىشىمىز، ئۆز خاراكتېرىمىز، پىسخىكىمىز. قابىلىيىتىمىزگە خاس يولنى تېپىشىمىز تولىمۇ مۇھىم.

ئۇيغۇر ياشلىرى ئەقىللىق، زەھنى ئوچۇق، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، قىزغىن، قېنى قىزىق، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، مەرت ـ مەردانە... ئەمما بىزدە كەم نەرسە ئۆزىمىزگە ئىشەنچ يوق، ئاسان قىزىمىز ـ ئاسان سوۋۇيمىز، ئۆزىمىزنى تۆۋەن كۆرۈمىز، ئويلىغانلىرىمىزنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالمايمىز، ھەم مۇستەقىل ئىشلەشكە سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز... باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا زىيادە ئەھمىيەت بېرىمىز، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقۇمىز...

UnRegistered

مېنىڭچە هازىرقى مەسىلە ئېغىر روھىي بېسىمنى ئۆزىمىزگە يۈك قىلىپ ئارتىۋېلىش ئەمەس، بەلكى سىناپ بېقىشقا ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىش بولسا كېرەك!

خوش سابا، "مۇستەقىل قاراش، دادىل پىكىر قىلىش"تىن ئىبارەت روھنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختىلاي ئامان بولۇڭ.

ــ ــ ــ لالە

مەنبە : بىلىۋال تورىدىن

تېخىمۇ كۆپ ئىلكىتاپلار : n g l uy jalpkar ـ . سىزنىڭ ھەرۋاقىت

قەدەم تاشرىپ قىلىشىڭىزنى چىن چىندىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن !!!

تۈزگۈچى : ياسىنجان

ئالاقىلىشىڭ :

ت ساندۇقۇم : k inl n@126 m

QQ : 492255230

Unregistered